


2
1
9
8
8



سەھنىگە چىقىش ئالدىدا

ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

**تەڭرىتاغ تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

ھەبىبۇللا رىقىپ، ئەخمەت ئابدۇللا، مۇھەممەت پولات، ھەسەن تىلىۋالدى، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇھەممەت روزى يارقىن، ئابلىكىم باقى

عبد الجليل تورا


# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1988 - يىل 2 - سان


## مۇندەرىجە


ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul


### رومان


مەھمۇت قەشقەرى (تارىخىي رومان)
1 پەرھات جىلان ......................................


### ئەدەبي ئاخبارات


پارتلاش........................................
22 يىخۋاجۇ ........................................
قادىر ئىسمايىل تەرجىمىسى


### ھېكايىلەر


تەنھا ماشىنا........................................
36 مۇھەممەت باغراش ........................................
جىرتەك........................................
41 ئالىم مۇقىيىت ........................................
مەنسەپىنىڭ ھەۋىسى ........................................
49 يىجۋاڭشەن ........................................
نەيىم يۇسۇپ تەرجىمىسى


### تۇنجى ئەسەر


ھايات يولىدىكى خىياللار ........................................
67 شەمشىنۇر ئابدۇكېرىم ........................................


### شېئىرلار


كىتاب ........................................
56 باۋۇدۇن نىياز ........................................
يالغۇزلۇقتا ئويلىغانلىرىم........................................
58 سەمەت دۇگايلى ........................................
دانە - دانە مارجانلار........................................
60 روزى سايىت ........................................

شېئىرلار ........ ئابدۇسەمەت خېلىل 62
بىر دوستۇمغا ........ ئابدۇللا سابىت 62
تاغ لىرىكىلىرى ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 64


## ئىزلىنىش، سىناق، يېتىلىش


شېئىرلار ........ ئادالەت ئابدۇرېھىم 65
ئىككى شېئىر ........ ئايگۈل ھەمدۇللا 66
ھايات تىلەكلىرى (نەسىر) ........ مېھرىگۈل غوپۇر 66


## مۇنازىرە مۇنبىرى


ئىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا (يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدە سۆھبەت) ........ يالقۇن جۇمە 69
شېئىرىيەتتىكى 22 خىل نىزام ........ شىن شىن 79
پولات ھېۋىزۇللا تەرجىمىسى


## چەتئەل ئەدەبىياتى


ئانا كەچۈرىدۇ، لېكىن باللار ... (ھېكايە) ........ پاتىمگۈل سابىتوۋا 84
ئوتلۇق چەمبەر (تارىخىي رومان) ........ خىزمەت ئابدۇللىن 93


### 3 - سانىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر

مەھمۇت قەشقەرى (تارىخىي رومان) ........ پەرھات جىلان
ۋىجدان ئازابى (ھېكايە) ........ قادىر ئارسلان
تۆگمەنچى (ھېكايە) ........ ئىلھام سەيدۇللا
شىراق (تارىخىي ھېكايە) ........ مىركەرىم ئاسىم
ئابدۇۋەلى خەلپەت تەرجىمىسى
يۇۋاش ئادەمنىڭ تراگېدىيىسى (ھېكايە) ........ ئوسۋېئور. بوراسك
ئادىل ئالماس تەرجىمىسى
ئوتلۇق چەمبەر (تارىخىي رومان) ........ خىزمەت ئابدۇللىن


مۇقاۋىنى نىياز كېرىم لايىھىلىگەن، گۈللۈك تامغىنى راخمان رېھىم ئىشلىگەن
مەسئۇل كوررېكتور: قەيۇم نامان، كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر




(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

## 2 - باب

### خانلار كېڭىشى

شەيخۇلئىسلام ھېسامىددىن ئىبنى مۇسانىڭ ئەڭ يېڭى مەلۇماتىنى، بولۇپمۇ چوڭ ئىنىسى مۇھەممەت بۇغراخان ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇلايمان ئارسلان خان جىددىيلەشتى ۋە خۇددى ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك سەگەكلەشتى. ئۇ گويا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆز ئەتراپىغا، ئۆتمۈشكە ۋە كەلگۈسىگە زېھىن قويۇپ نەزەر سالدى. قايسى تەرەپكە قارىمىسۇن، قايسى جەھەتتە باش قاتۇرمىسۇن، چىگىش خىياللىرى بىرى - بىرىدىن ۋەھىمىلىك، قاباھەتلىك بىلىندى. ئۇ، ئۆزىنى بەجايىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ۋە قاراڭغۇ ئورىسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. «ئەي، پەرۋەردىگارى ئالەم، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!» شۇ تاپتا ئارسلان خاننىڭ ئەتراپىدا ئىشەنگۈدەك، يۆلەنگۈدەك، تايانغۇدەك كىم بار؟ ئارسلان خان نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە بۇرۇنراق ئويلانمىدى؟ ئۆتمۈشتىكى بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ تۇرمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بىپەرۋالىق قىلدى؟ ئەمدى بۇندىن كېيىن قانداق بولار؟ يەنە قانداق ئىشلار، قانداق قىيىنچىلىقلار يۈز بېرەر؟

سۇلايمان ئارسلان خان ئەنە شۇنداق نادامەتلىك خىياللار ئىچىدە ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ سادىق مەسلىھەتچىسى ھېسامىددىن ئىبنى مۇسا ھەزرەتنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

ئۇ، ئۆز ھوجرىسىدىكى يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە ئۇيياقتىن - بۇياققا مېڭىۋېرىشتىن چارچاپ توختىدى ۋە ئالتۇن چىراغپايلاردا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرىغا بىر ئەسناغىچە ھېچنېمىنى كۆرمەس كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كېلىپ،

بىر چەتكە سېلىپ قويۇلغان تۆت قات دۇردۇن كۆرپە ئۈستىگە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۈنلۈك چاقىردى:

— مەھرەم!

تاشقىرىقى خانىدا ئارسلان خاننىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ سەگەكلىك بىلەن ئولتۇرغان خاس مەھرەم دەرھال قوپۇپ، بېشىدىكى قىزىل مەخمەل تەلپەكنى ۋە ئۇچىسىدىكى ئاق شايى يەكتەكنى ئالدىراش تۈزەشتۈرگەچ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىردى-دە، قول قوشتۇرۇپ تۇردى.

— لەۋەي، بۈيۈك خاقانىم.

ئارسلان خان پەرمايىش قىلدى:

— قاپۇغ باشىغا ئېيتقىن، شەيخۇلئىسلامغا چاپارمەن ئەۋەتسۇن. ھەزرىتى ھېسامىددىن ئەتە ناماز بامداتقا ئۈلگۈرۈپ كەلگەي!

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى كۈنى خاقان بىلەن شەيخۇلئىسلام بامدات نامىزىنى بىرلىكتە ئوقۇدى.

— قانداق قىلىش كېرەك، ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام؟

ئارسلان خان ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن جايىنامازدىن قوپماي تۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ئارىسالدىلىقلىرىنى مەزكۇر مەسلىھەتچىسىگە چۈشەندۈردى ۋە شۇندىن كېيىن يۇقىرىقى سوئالنى قويدى.

خاقاننىڭ يېنىدا جايىنامازغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھېسامىددىن ئىبنى مۇسا كالتا يۆتەلدى، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى، لېكىن سۆز قىلمىدى. ئۇ، چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر ھازاغىچە شۈك ئولتۇردى. ئاندىن بوينىنى سوزۇپ، ئىشىك تەرەپكە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويدى. خاقان ئۇنىڭ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە بۇنداق ئېھتىياتچانلىقنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئورنىدىن تۇرۇپ، شەيخۇلئىسلامنى سارايىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر كىچىكرەك خانىغا باشلاپ كىردى. بۇ، ئالاھىدە مۇھىم ۋە مەخپىي سۆھبەتلەر ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان ئۆي بولۇپ، خاننىڭ خاس مەھرەمىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ يەرگە يېقىن كېلىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئىككىيلەن گۈللۈك بارچىن بىلەن قاپلانغان يوغان تەكىيلەرگە جەينەكلىرى بىلەن تايىنىپ، قات-قات كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇشتى. شۇندىن كېيىن شەيخۇلئىسلام ئېغىز ئېچىپ، خاقاننىڭ بايىقى «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب قايتۇردى:

— مەن ئېيتمىساممۇ، بۈيۈك خاقانغا مەلۇمدۇركى، خان جەمەتى ئىچىدىكى يېقىندىن بۇيان سادىر بولۇۋاتقان ئىناقسىزلىقلارنى ۋە بولۇپمۇ بۇغراخان ئائىلىلىرى بىلەن بولغان كېلىشەلمەسلىكلەرنى پات ئاردا ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كېتىش ئاسان ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن پېقىرنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ۋەزىيەتتە غەزنەۋىلەر خانلىقىغا ھەربىي ياردەم بېرىشكە ئىمكانىيەت يوق تۇرۇر...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئارسلان خان تەستىقلىغان تەرزدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— باشقا ئىشلارنى كېيىن ئايرىم ئويلىشىپ كۆرگۈلۈك، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھېسامىددىن ئىبنى مۇسا.

ئارسلان خان يەنە بېشىنى لىڭشىتتى ۋە مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا، — ئالدى بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ يالۋاچلارنى يولغا سېلىۋېتەيلى، ئاندىن مۇھەممەت بىلەن ئوبدان سۆزلىشەي.

ئۇ بىردەم جىم بولدى - دە، ئۇشتۇمتۇت مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغان كىشىدەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى:

— ھە، راست! ھېلىقى ئايغاقچىڭىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىككىنچى تىلغا ئالمىغايسىز. مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلىشىنى خالىمايمەن.

— ئىنشائاللا ... — دەپ قويدى ھېسامىددىن.

— ھەي مۇھەممەت، مۇھەممەت! — ئارسلان خان ئەلەملىك ئاھاڭدا خىتاب قىلىپ، بېشىنى چايقىدى، — سەن نېمە دېگەن تەرسا! نېمە دېگەن ...

ئۇ خۇددى كۆڭلىدىكى ئاچچىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز تاپالمىغاندەك توختاپ قالدى ۋە بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ، شەيخۇلئىسلامغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھېسامىددىن ھەزرەت، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى بۇ ئارازلىقلار يەنە چوڭىيىپ كېتەرمۇ؟

— ئىنشائاللا، ئۇنداق بولۇپ كەتمەس، — دېدى شەيخۇلئىسلام تەسەللى ئاھاڭى بىلەن.

— مۇھەممەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى تۈگۈننى يېشىۋېتىشنىڭ ئەپچىل چارىسى بارمىدۇر؟ — خاقان يەنە سورىدى.

شەيخۇلئىسلام سۆزلەشكە ئالدىرىماي تامىقىنى قىرىپ قويدى.

— دەرۋەقە، مۇھەممەت بۇغراخان ئۆز سۆزلۈك خان، — دېدى ئۇ ۋە ئارسلان خانغا ئاستىرتتىن قاراپ قويدى.

خاقان ئۈنچىقماستىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. ھېسامىددىن ئىبنى مۇسا ئۇنىڭغا سىناق نەزەرى بىلەن يەنە بىر قارىدى - دە، بوش ۋە قانداقتۇر سىرلىق ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن مۇھەممەت بۇغراخان خاقانىيىنىڭ ئىككى ئالتۇن تۈۋرۈكى دېمەكتۇر. ئىككى خاننىڭ ئۆزئارا ھەمدەمدە، ھەمنەپەستە بولۇشى بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئايى تىلىكىمىزدۇر ۋە لېكىن بۇغراخان ئالىيلىرى ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنىڭ سەمىمىي ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە مۇخالىپ يول تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ ...

ھېسامىددىن «ئارتۇق سۆزلەپ سالدىممۇ قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ، خاقانغا سىنچىلاپ كۆز تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ يۈزىدىن ھېچقانداق نارازىلىق ئالامىتىنى سەزمىگەندىن كېيىن تېخىمۇ بوشراق ۋە تېخىمۇ سىرلىق ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— كونىلاردا «قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس» دېگەن گەپ بار ...

بوش ۋە مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆزدىن سۇلايمان ئارسلان خان بەئەينى زەھەرلىك نەشتەر سانجىلغاندەك چۆچۈپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



— ياق، ياق ...ھېسامىددىن ھەزرەت ... ئۇنداق دېمەڭ ... — دېدى ئۇ نەپسى بوغۇلۇپ، — ئۇنداق دېمەڭ. ئاھ، خۇداۋەندە كەرىم، گۇناھكار بەندەڭگە ئۆزۈڭ ئاسانچىلىق بەرگەيسەن!

شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئۈزۈلدى. ئارسلان خان شەيخۇلئىسلامنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى.

«قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس!» بۇ سۆزلەر بەجايىكى ئەرشتىن ئېتىلغان ئەجەللىك ئوقتەك سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ گويا مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، يۈرىكىگە قادالغاندەك بولدى. قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېسامىددىن ئىبنى مۇسا نېمە دېمەكچى؟ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى خاقان ئەلۋەتتە چۈشىنىپ بولدى. ئۇ، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تاجۇ - تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارىنى، يەنى ئەڭ قاتتىق، ئەڭ دەھشەتلىك چارىنى قوللىنىش كېرەك دېمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ياق، ياق! ئۇنداق قىلىشنى ئاللاتائالا راۋا كۆرمەيدۇ! ياق، قېرىنداشلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى ئۇ دەرىجىگە يەتكۈزمەسلىك كېرەك.

ئارسلان خان بۇ مۈرەككەپ ئەھۋالدىن چىقىش يولىنى تاپالماي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى خىياللىرى ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرىگە چىرمىشىپ كەتتى.

مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ غەزنەۋىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى.

خانلار خانى يۈسۈپ قادىر ئارسلان قاراخان ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنتنىڭ ئىلىك خانى ئەلى تېگىن ئوردۇكەنتنىڭ باشقۇرۇشىغا بوي سۇنماي، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەت ياغان تېگىن (مۇھەممەت بۇغراخان) خان ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماۋارائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈسۈپ قادىرخان غەزنەۋىلەر ھۆكۈمدارى سۇلتان مەھمۇتقا مەكتۇپ يوللاپ، ئوغلى ياغان تېگىنگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇت دەرھال قوشۇن چىقىرىپ، ياغان تېگىنگە ماسلاشتى. ئەلى تېگىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پۈتۈنلۈكىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت قوش ئاستانىغا مەڭگۈ سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇندىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇت سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدا ئۇچرىشىپ، دوستلۇق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشتى ۋە سۇلتان مەھمۇتنىڭ قىزى زەينەپنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت ياغان تېگىنگە ياتلىق قىلىش، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىنى سۇلتان مەھمۇتنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمىر مۇھەممەتكە ياتلىق قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشتى. ھالبۇكى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادى 1030 - يىلى سۇلتان مەھمۇت ۋاپات بولغانلىقتىن بۇ قۇدىلىشىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

1031 - يىلى ئەتىيازدا سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ چوڭ ئوغلى مەسئۇت قەشقەرگە يالۋاچلار ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قادىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. لېكىن شۇ ئارىدا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سالامەتلىك

ئەھۋالى ياخشى بولماي قالغانلىقتىن، غەزنەۋىلەرنىڭ يالۋاچلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەت كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

1032 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، غەزنەۋىلىك يالۋاچلارنىڭ قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشىغا توغرا كەلدى. قاراخانىلار ئوردىسى مەرھۇم قارا خاقانىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى، تەختنىڭ ۋارىسلىقى ۋە خان جەمەتىنىڭ مەنسەپ - مەرتىۋىلىرىنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى. ئاخىرى يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان «ئارسلان خان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە چىقتى. ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت «بۇغراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك قاراخان بولدى ۋە بۇ ئىككى خان ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مەسئۇتنىڭ يالۋاچلىرى 1034 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋەزىپىسىنى ئاران ئورۇنلاپ، يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ مەلىكىسىنى ئېلىپ غەزنىگە قايتتى.

شۇ يىلى كۈزدە مۇھەممەت بۇغراخان غەزنەۋىلەر خانلىقىغا مەخسۇس يالۋاچلار ئەۋەتىپ، مەرھۇم سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ۋەدە قىلغان مەلىكە زەينەپنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى، سۇلتان مەسئۇت غەزنەۋى بۇغراخانىنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلماستىن، خاقانىيىلىك يالۋاچلارنى قايتۇرۇۋەتتى ۋە سۇلايمان ئارسلان خانغا ئۇنىڭ ئىنىسى بۇغراخانىنىڭ تەلىپىدىن رەنجىگەنلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇردى.

ئارسلان خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدىن كېيىن مۇھەممەت بۇغراخانىنى ئەيىبلىدى. ئۇ، ئالىي ھۆكۈمدار بولمىش ئارسلان خانىنىڭ، يەنى شەخسەن ئۆزىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، چەت ئەللەرگە يالۋاچلارنى چىقىرىشنى ئىنتايىن چوڭ يولسىزلىق دەپ ھېسابلىدى.

— بۇ، باشباشتاقلىق، بەكلا چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك! — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

— يوقسۇ، مۆھتەرەم خان ئاكا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بۇغراخان، — بۇ، ئارسلان خانىنىڭ سەلتەنىتىگە چېتىلىدىغان ئىش ئەمەس. مەزكۇر يالۋاچلار غەزنەۋىلەر ئوردىسىغا كەمىنىڭىزنىڭ ساۋچىلىرى ① سۈپىتىدە باردى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاكا - ئۇكا ئىككى خان ئوتتۇرىدا دەسلەپكى ماجرا تۇغۇلدى.

— بىر تۇغقان ئاكىسىدىن بىسوراق ساۋچىلارنى يولغا سېلىش بىزنىڭ ئەردەم② ۋە يوسۇنلىرىمىزغا توغرا كېلەمدۇ؟ — دېدى ئارسلان خان غەزىپىنى زورغا بېسىپ.

— بۇ ھەرگىزمۇ باشباشتاقلىق بىلەن سىزدىن بىسوراق قىلىنغان ئىش ھېسابلانمايدۇ، خان ئاكا، — دېدى مۇھەممەت بۇغراخان، — مەلىكە زەينەپنىڭ نىكاھلىق كېلىشىمىنى رەھمەتلىك خان ئاتام بىلەن مەسئۇت ۋە زەينەپنىڭ ئۆز ئاتىسى سۇلتان مەھمۇت ئاللىقاچان رازى - رىزالىق بىلەن پۈتۈشۈپ بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەمدى نېمە ئۈچۈن مەسئۇت بۇ كېلىشىمدىن يېنىۋالىدۇ؟ ئۆزلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇنىڭ تېگىدە غەيرىي نىيەت، يامان غەرەز يوشۇرۇنغان. مەن بۇنى ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاداشلىقنى③

① ساۋچى — توي ئىشىدا يىگىت تەرەپتىن قىز تەرەپكە بارىدىغان ئەلچى.

② ئەردەم (خاقانىيە تىلىدا) — پەزىلەت.

③ ئاداشلىق (خاقانىيە تىلىدا) — دوستلۇق.

www.uyghurkitap.com



بۇزغانلىق دەپ قارايمەن.

ئارسلان خان بىلەن بۇغراخان شۇ تەرىقىدە يەنە كۆپ تالاشتى، تەرگەشتى، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى قايىل قىلالمىدى، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى.

شۇنىدىن كېيىن مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قەلبىدە سۇلتان مەسئۇتتىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. ئۇ، غەزنەۋىلەرنىڭ دۈشمىنى بولغان سالچۇقىلار خانلىقى بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورناتتى. سۇلتان مەسئۇت بۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، چاندۇرمىدى ۋە قاراخانىلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇ، سالچۇقى تۈركمەنلەر بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان ۋەزىيەتتە قاراخانىلار بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قاراخانىلارنىڭ چوڭ خاقانى ئارسلان خاننىڭ ئۆزىگە قارشى چىقمايدىغانلىقىغا بىر قەدەر ئىشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇ 1037-يىلى 8-ئايدا غەزنەۋىلەر ئوردىسىنىڭ مەخسۇس دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىل قىلىپ، قىممەتلىك دىناردىن ئاشىدىغان ئېسىل سوۋغا-تارتۇقلار بىلەن قەشقەرگە يولغا سالدى.

شۇنداقلا، ئارسلان خان ۋە بۇغراخانلارنىڭمۇ غەزنە ئوردىسىغا تەڭ دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىشىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپكە بىنائەن قاراخانىلارنىڭ مەزكۇر ئىككى خانىمۇ ئىككى ئۆمەك تەشكىل قىلىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا غەزنە شەھىرىگە ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى غەزنىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

شۇنىدىن كېيىن غەزنە ھۆكۈمرانى سۇلتان مەسئۇتمۇ، قەشقەر ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئارسلان خانمۇ ئاخىرى مۇھەممەت بۇغراخاندىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغان بولدى.

«ئەپسۇسكى، — دەپ ئويلىدى سۇلايمان ئارسلان خان ئۆزىنىڭ مەخپىي سۆھبەتلەر ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلغان ھېلىقى بۆلمىسىدە تەنھا ئولتۇرۇپ، — ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەلۇم بولدىكى، مۇھەممەت بۇغراخان كونا ئاداۋىتىنى ئىچىدە ئۇنتۇپ كەتمەپتۇ». دۇرۇس، شەيخۇلئىسلامنىڭ مەسلىھەتى بەرھەق. بۇنداق شارائىتتا غەزنەۋىلەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرىشكە بولمايدۇ. ئىچكى نىزالار تەلتۆكۈس بېسىقماي تۇرۇپ، چېگرىنىڭ سىرتىدىكى ھەر قانداق جىدەل-تالاشلارغا ئارىلاشماسلىق لازىم.

ئارسلان خان دىۋانغا① چىقىپ، دىۋان بېگى ۋە باش ھاجىپ بىلەن سۆزلەشكەندى، ئۇلارمۇ بۇ پىكىرنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن، قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خاقانى غەزنەۋىلەرگە ياردەم بېرىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى.

شۇ كۈنلا ئارسلان خاننىڭ سارىيىدا بارلىق ۋەزىرلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن غەزنىلىك يالۋاچلارغا رەسمىي جاۋاب بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. خاقان بىلەن باش ھاجىپ ئايرىم-ئايرىم سۆزلەپ، خاقانىيەنىڭ نۆۋەتتىكى بىر قاتار ئىچكى قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن غەزنەۋىلەرگە ھەربىي ياردەم بېرىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشتى ۋە سۇلتان مەسئۇتنىڭ ئۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. ئاندىن يالۋاچلارنى تولۇق ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

① دىۋان — ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەھكىمە.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. سۇلايمان ئارسلان خان ھېچ خاتىرجەم بولالمىدى. خان جەمەتى ئىچىدىكى كېلىشەلمەسلىك ۋە تارقاقچىلىق كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئالماقتا ئىدى. مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تاشلىماي تۇرغان غەزىپى بۇ قېتىم غەزنەۋىلەرنىڭ ياردەم سورىشى مۇناسىۋىتى بىلەن گوياكى يانار تاغدەك پارتلاپ چىقتى. كىچىك دادىسى توغان خان بىلەن كەنجى ئىنىسى ئارسلان تېگىن گەرچە ھەم غەزنەۋىلەر بىلەن، ھەم ئارسلان خان بىلەن قارشىلىشىش ئىپادىسىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، چوڭ-كىچىك ئىشلاردا سارايىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارسلان خان ۋە بۇغراخانلارنىڭ يېقىن تۇغقىنى، ماۋارائۇننەھرنىڭ ئىلىك خانى ئىبراھىم تاۋغاچخان قەشقەر ۋە بالاساغۇننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا بوي سۇنمايدىغان بولۇۋالدى ھەمدە قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خاقانلىرىغا تەقلىد قىلىپ، ئۆزىنى ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغرا قاراخان دەپ ئاتىدى، ھەتتا سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا ئۆز نامى بىلەن ئالتۇن، كۈمۈش پۇل چىقاردى. يەنە كېلىپ، باغدات خەلىپىسىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، «ئىمادۇد دەۋلەتى» (دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى) دېگەن ئىسلام ئۇنۋانىنى بەردى.

سۇلايمان ئارسلان خان كۆپ كۈچ چىقىرىپ، كۆپ تىرىشىپ، خانلىقنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانچە نەتىجىسى بولمىدى. «يا رەببىل ئالەمىن! بۇ نېمە ئالامەتتۇر؟ قۇدرەتلىك قاراخانىلارنىڭ زېمىنى مۇشۇنداق پارچىلىنىپ كېتەرمۇ؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟» سۇلايمان ئارسلان خان ھەمىشە ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك خىياللار ئىلكىدە تېڭىرقاپ، ئاۋارە بولاتتى ۋە بۇ قاتمال ۋەزىيەتتىن چىقىش يولى تاپالمايتتى. «رەھمەتلىك ئاتام يۈسۈپ قادىرخان شۇ تاپتا ھايات بولسا، بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلاتتىكىن؟ بۇ ئاپەتلىك مالىمانچىلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن قانداق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىناتتىكىن؟ قانداق قارارلارنى قوبۇل قىلىپ، قانداق پەرمانلارنى چۈشۈرەتتىكىن؟» بۇ سوئاللارغا ئارسلان خانمۇ، ۋەزىرلەرمۇ، شەيخۇلئىسلاممۇ قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالمىدى.

زور بىر كارۋان پايانسىز قۇملۇق باياۋاندا يولدىن ئازغىنىپ قالغان. كارۋان بېشى ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، تېڭىرقاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى سۇ ئىزلەپ، تەرەپ-تەرەپلەرگە كېتىپ قېلىشقان. تۆگىلەرگە يەم-خەشەك بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى دادىللىق بىلەن باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىنىڭ مادارى قۇرىغان... قۇدرەتلىك، مەشھۇر قاراخانىلار خانلىقى شۇ تاپتا گويا قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئەنە شۇ نىشانسىز كارۋانغا ئوخشاپ قالغانىدى. سۇلايمان ئارسلان خان ئەنە شۇ پايانسىز چۆلدە ئىشەنچلىك، توغرا يول تاپالماي تىنەپ يۈرەتتى.

شۇ تەرىقىدە ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، مىلادى 1043-يىلى يېتىپ كەلدى. سۇلايمان ئارسلان خان ئاخىرى ئۆزى تاپقان بىر يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، چۆلدە ئازغىنىپ قالغان كارۋاننىڭ باشلامچىسى بولغاچقا، ئادەم ۋە تۆگىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن بىر ئامال تېپىشى كېرەك-تە.

www.uyghurkitap.com



— قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغمىسا، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار، — ئارسلان خان ئاخىرقى ھېسابتا مانا مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلدى، — بىر خىل ئۇسۇل، بىر قىلىچنى كېرەك قىلماسلىق، يەنە بىر خىل ئۇسۇل، ئىككى قىلىچنى ئىككى قىنغا سېلىش. ئىنشائاللا، ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلماق زۆرۈر.

شۇنداق قىلىپ، سۇلايمان ئارسلان خان ھىجرىيە 435 - يىلى (مىلادى 1043 - يىلى) پۇتۇن خان جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىنى يەۋقۇلئاددە چوڭ كېڭەشكە چاقىردى.

قەشقەر خەلقى بۇنداق ھەيۋەتلىك ۋە داغدۇغىلىق كۈنلەرنى ئاز كۆرگەنىدى. پۈتۈن شەھەر ئالاھىدە زور بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى. ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە كۆنگۈرىلىك سېپىللەر ئۈستىدە قاراخانىلارنىڭ سەلتەنىتىنى بىلدۈرگۈچى ھال رەڭ ۋە سېرىق بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. ئوردا ئالدىدىكى كەڭرى مەيداننى چۆرىدەپ تىزىلغان چەرىگلەر① ئۇزۇن نەيزە ۋە بۇركۈت شەكلىدىكى تۇغ ئەلەملەرنى تىك تۇتقان ھالدا خۇددى قاتۇرۇپ قويۇلغان ھەيكەللەردەك قىمىر قىلماي تۇرۇشاتتى. ئوردا ئالدىغا كېلىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئوخشىمىغان تەبىقىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر خىل كىشىلەر توپ - توپى بىلەن قىستىلىشىپ، ئارسلان خاننىڭ سارىيىغا جاي - جايلاردىن كېلىدىغان خان ۋە تېگىنلەرنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بىر قىسىم چەتئەللىك سودىگەر ۋە سایاھەتچىلەرمۇ قاراخانىلارنىڭ مەشھۇر زاتلىرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مىس دۇبۇلغا ۋە تۆمۈر ھالقىلىق ساۋۇتلارنى كىيگەن نەيزىلىك چەرىگلەر يول ئۈستىگە چىقىپ قالغانلارنى ئىتتىرىپ ۋە تووولاپ، چەتكە ئۆتۈشنى بۇيرۇيتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئاپئاق ئارغىماقلارنى مىنگەن بىر توپ ئوردا نەۋكەرلىرى ھەيۋەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە:

— يولنى بوشىتىڭلار! چەتكە چىقىڭلار! چەتكە! — دەپ جار سېلىپ، ئوردا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتى.

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پۇقرالار ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ...

— كەپتۇ. ھە، كەلدى!

— ئەنە، كېلىۋاتىدۇ!

— دەرۋەقە، يىراقتىكى دوقمۇشتىن ئەگىلىپ چىققان بىر توپ سۆلەتلىك ئاتلىقلار كۆرۈندى. بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، زىننەتلىك قىلىچلارنى ئاسقان قورۇقچى چەۋەندازلار شوخ ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان زەر گۈللۈك قىزىل تاۋاردىن سايىۋەن تارتىلغان ۋە ئۈچ ئات قوشۇلغان ھارۋا كېلىۋاتاتتى. ھارۋىغا سېلىنغان قېلىن گىلەم ئۈستىدە يېشىل كىمخاپ تون كىيگەن ئاق شايى سەللىلىك بىر مويسىپىت ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى سىلاشتۇرغان ھالدا چەزانى قۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— توغان خان، — دېدى يول بويىدىكى پۇقرالاردىن بىرى بۇ مويسىپىتنى قولى

① چەرىگ — چېرىك، ئەسكەر.

بىلەن كۆرسىتىپ.

— ھە، مەرھۇم يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىنىسى، شەۋكەتلىك توغان خان ھەزرەتلىرى مۇشۇ كىشى بولىدىكەن - دە! — دېدى يەنە بىرى سايىۋەنلىك ھارۋىغا قاراپ، — دېمەك، بالاساغۇندىن كەپتۇ - دە.

— شۇنداق، — دېدى ئۈچىنچى كىشى، — توغان خان ھەزرەتلىرىمۇ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، قۇز ئوردۇدىن① ئالاھىدە كەلگەن بولسا، بۇ قېتىم سارايدا بەك مۇھىم يىغىن بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

بۇ گەپلەر سۆزلىنىپ بولغۇچە توغان خان ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق قورۇقچىلىرى ئۆتۈپ كېتىشتى. بىر ئەسنادىن كېيىن يەنە بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ كەلدى. كىشىلەر ئىچىدىكى بىلەرمەنلەر يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مۇھەممەت بۇغراخان، — دېدى بىرى ۋە توپ ئالدىدا ئاق قاشقىلىق قارا ئارغىماقنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان چار ساقاللىق سۇرلۇك كىشىنى كۆرسەتتى.

— ئوپالدىن كەلدى، — دەپ قويدى يەنە بىرى.

شۇ ئارىدا پۈتۈن خالايىقنىڭ دىققىتى يىراقتا كۆرۈنگەن ئۈچىنچى بىر توپ ئاتلىقلارغا قارىتىلدى. بۇ بىر توپ چەۋەندازلار باشقىلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. سەپ ئالدىدا بويلۇق جەدە ئات مىنىپ كېلىۋاتقان قارا ساقاللىق كىشى ئۈچىسىغا زەرباپ تون كىيىپ، ئاق يېپەك سەللىسىنىڭ پەتىنىسىنى كۆكرىكىگە چۈشۈرۈۋالغان؛ جەدە ئېتىنىڭ يۈگىنى ۋە كۈمۈش ئۈزەڭگىسىگە قىپقىزىل ياقۇتلار ئورنىتىلغان. ئۇنى قورۇغداپ كېلىۋاتقان چەۋەنداز يىگىتلەرمۇ قىممەتلىك لىباسلارنى كىيىپ، كۈمۈش غىلاپلىق قىلىچلارنى ئاسقان. تاماشىبىنلار بۇ باشقىچە سۆلەتمەن چەۋەندازلارغا قىزىقسىنىپ كۆز تىكەتتى. توپ ئىچىدە تۇرغان سالاپەتلىك چەتئەللىكلەرمۇ «بۇ كىم؟ بۇ كىم؟» دېيىشىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى قەشقەرلىقلەردىن سوراشقىلى تۇردى.

— ئىبراھىم تاۋغاچخان، — دېدى كىمدۇ بىرى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ بۇ كەم دىدار تۇغقىنىنى تونۇۋالغانلىقىدىن مەغرۇرلانغان ئاھاڭدا.

— ھە ... تاۋغاچخان! — كىشىلەر ھەيرەت ئىچىدە خىتاب قىلىشتى.

بۇ سەمەرقەنت ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىمچە بولۇۋېلىپ، ئوردۇكەنت ۋە قۇز ئوردۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بوي سۇنمايۋاتقانلىقى توغرىسىدا قەشقەرنىڭ بايلىرىمۇ، چىغايلىرىمۇ② كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى تېخى نۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئوھوي، سەمەرقەنت تەرەپتىكىلەرمۇ كەپتۇ - ھە!

— ئەنە، قاراڭلار، ئۇدۇننىڭ ئىلىك خانىمۇ كەپتۇ ...

شۇنداق قىلىپ، خان جەمەتىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى قەشقەر ئوردىسىغا يىغىلدى. كارنايلار ساداسى تەنتەنىلىك ياڭراپ، دۇمباقلار ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلىدى. سۇلايمان ئارسلان خان ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ،

① قاراخانىلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بالاساغۇن شەھىرى «قۇز ئوردۇ» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

② چىغاي (خاقانىيە تىلىدا) — كەمبەغەل.

ئەزىز تۇغقانلىرىنى قارشى ئالدى.

قەدەم تەشرىپ قىلغان بارلىق خان ۋە تېگىنلەر ئارسلان خان سارىيىنىڭ چوڭ قوبۇلخانىسىدا جەم بولغاندىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك كېڭەش رەسمىي باشلاندى.

بۇ خانلار كېڭىشىنىڭ تەپسىلىي جەريانى قانداق بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەر پەقەت بۇ كېڭەشنىڭ نەتىجىسىدىنلا ۋاقىپ بولدى. كېيىنكى تارىخچىلارنىڭ دالالەت بېرىشىدىن شۇ تەرسە ئايانكى، سۇلايمان ئارسلان خان مەزكۇر كېڭەشتە بارلىق خان ۋە تېگىنلەر ئۆزىنى قاراخانىلارنىڭ «ئۇلۇغ سەردارى ۋە خانلار خانى» دەپ ئېتىراپ قىلسىلا، خانلىق تەۋەسىدىكى زېمىنلەرنى تۇغقانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. خانلار ۋە تېگىنلەر بۇ شەرتكە رازىلىق بىلدۈرۈشكەن بولسا كېرەك، چۈنكى شۇ قېتىمقى كېڭەشتە ئارسلان خاننىڭ زېمىن تەقسىماتى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

قەشقەر ۋە بالاساغۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاستانا سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىقىدا قالدۇرۇلدۇ؛

مۇھەممەت بۇغراخانغا — تالاس ۋە ئىسپىجاپ؛

ئارسلان تېگىنگە — ئۇنىڭ شەرقىدىكى يۇرتلار؛

ئۇلارنىڭ كىچىك دادىسى توغان خانغا — پۈتۈن پەرغانە دىيارى؛

ئىبراھىم تاۋغاچخانغا — سەمەرقەنت ۋە بۇخارا.

شۇنداق قىلىپ، چۆلدە ئازغىنىپ قالغان كارۋانچىلار تۆگىلەرنى بۆلۈشۈپ ئېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگەن تەرەپلەرگە تارقىلىپ كېتىشتى.

## 3 - باب

### بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋرىسى

مۇھەممەت بۇغراخان قەشقەردىن ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن بۇغرا تېگىنگە بولۇپ ئۆتكەن خانلار كېڭىشىنىڭ روھىنى ۋە ئۇنىڭ دەرھال ئوپالغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇرۇپ، بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئوپالدىن كېتىش سەپەر تەييارلىقىنى ئورۇنلاشتۇردى.

خانلار كېڭىشىدە مۇھەممەت بۇغراخان ئۆزىگە بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. «پېقىر ئىككىنچى دەرىجىلىك خان دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىكەن، ئەلۋەتتە ئىككىنچى ئاستانىدا تۇرۇشۇم قانۇنغا ۋە ئەقلگە مۇۋاپىق بولۇپ تۇرۇر»، — دېدى ئۇ. لېكىن بۇ تەلەپكە ئارسلان خان ئۇنىمىدى، باشقا خانلارمۇ قوشۇلمىدى. شۇندىن كېيىن بۇغراخان، يەنە بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ: «ئوپالنى رەھمەتلىك خان ئاتىمىز يۈسۈپ قادىرخان شەخسەن ئۆزى پېقىرغا ھەدىيە قىلغان. شۇڭا، ئوپال داۋاملىق بۇغراخان ئائىلىسىنىڭ شەخسىي زېمىنى بولۇپ قېلىشى كېرەك»، — دېگەندىن ئىبارەت بولدى. يۈسۈپ قادىرخان تىلغا ئېلىنغانىكەن، ھېچكىممۇ بۇ تەلەپكە رەددىيە بېرەلمىدى ۋە ئۇنداق

قىلىشىنىمۇ ئويلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇغراخان ئوغلى ھۈسەيىننى بارسغاندىن قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر بۆلەك قوشۇن بىلەن ئوپالدا قالدۇرىدىغان بولۇپ، ئارسلان خان بىلەن كېلىشكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇغراخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەممە ئىشلار سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوپال قاپۇغىدىكىلەر ① ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننى بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە يېتىپ كېلەرمىكىن دەپ يولغا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

مۇھەممەت بۇغراخان قاپۇغ ئىچىدىكى باغدا ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرنىڭ ئۈستىدە كېپىنەك ۋە بوزغۇنلار ئۇچۇپ، قولۇپ ئوينىشاتتى. ياپيېشىل مەخمەلدەك چىمەنلىكتە بىر توپ چىرايلىق تۇزلار ئوتتاشتەك رەڭدار قۇيرۇقلىرىنى سۆرىشىپ، دانلاپ يۈرەتتى. بۇغراخان ئالدىرىماي قەدەم بېسىپ، گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ ئۆتتى ۋە شاپتۇللۇقتا بىر جۈپ كىيىك بالىسىغا يەم بېرىۋاتقان ياش قۇل يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— تۇرۇمتاي، — دەپ چاقىردى بۇغراخان.

ئاق يەكتەك ۋە سېرىق ئۆتۈك كىيگەن قۇل يىگىت كىيىكلەرنىڭ ئالدىدىن قوپۇپ، بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۈنچىقماستىن تازىم قىلدى. «تۇرۇمتاي» دېگەن كىچىككىنە قۇشنىڭ نامى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان بۇ تاقىر باش قۇل ئەمەلىيەتتە تۇرۇمتايغا زادى ئوخشىمايدىغان دۆۋىدەك قاۋۇل ئەزىمەت ئىدى.

— بۈگۈن مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە بارمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان.

بۇ قاۋۇل ئەزىمەت بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە، يەنى ساچىيە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ئەتىۋارلىق نەۋرىسى، ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننىڭ ئوغلى مەھمۇتنىڭ خاس قۇلى ئىدى. ئۇ، ھەر قانداق ۋاقىتتا قاپۇغدىن سىرتقا چىققىنىدا مەھمۇتقا ھەمراھ بولاتتى.

— بارغانىدۇق، — دېدى تۇرۇمتاي بۇغراخاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — مۇدەررىس ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ھەزرەتلىرى مەھمۇتنى «خان بوۋاڭ ئوپالدىن كەتكۈچە ئۇنىڭ يېنىدا بولغىن» دەپ قايتۇرۇۋەتتى. تېخى بايىلا قايتىپ كەلگەنىدۇق.

مەھمۇت كىچىكىدىنلا بوۋىسى مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ ئالدىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنىدى. بۇغراخان بۇ نەۋرىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ھەتتا تەتىل چاغلىرىدىمۇ مەھمۇتنى ئۆز ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بارسغان شەھىرىگە ئەۋەتىشكە كۆزى قىيمايتتى. «مەھمۇتنى كۆرگۈسى كەلسە، ئۇلار ئۆزلىرى ئوپالغا كېلىشسۇن. مەھمۇت خانلىق مەدرىسىدە يېتىپ ئوقۇۋاتقاچقا، مەنمۇ ئۇنى تۈزۈككەك يېنىمدا تۇرغۇزالمايۋاتىمەن»، — دەيتتى بۇغراخان.

بارلىق مەدرىسلەردە ئورما ۋاقتىدىن باشلاپ، كۈزلۈك يىغىم ئاياغلاشقىچە تالىپلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلەتتى. ھازىر تازا شاپتۇل پىشقان مەزگىل بولۇپ، مەدرىسلەردە تېخى ئوقۇش باشلانمىغانىدى. مەھمۇت ئوپال قاپۇغىدا تۇرۇۋاتاتتى. ھالبۇكى، بۇغراخان تولا

① قاپۇغ (خاقانىيە تىلىدا) — خاننىڭ تۇرالغۇسى، قوۋۇق.

www.uyghurkitap.com



ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ قالالمايتتى. مەھمۇت ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەترىگەندە بىر نەچچە كىتابنى كۆك شايى روماللا يۆگەپ، خاس قۇلى تۇرۇمتاينى ئەگەشتۈرۈپ، قاپۇغىدىن چىقىپ كېتەتتى. بۇغراخان ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەلۋەتتە. ساچىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپنىڭ ئۇيالدا، يەنى بۇغراخان قاپۇغىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كەنتتە بىر چوڭ مېۋىلىك بېغى بار بولۇپ، ئۇ ھەر يازدا تەتىل كۈنلىرىنى ئۆز ئائىلىسى بىلەن شۇ باغدا ئۆتكۈزەتتى. بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى مەھمۇت ئەنە شۇ مۆھتەرەم ئۇستازىنىڭ ئۆيىگە كۈندە بىر بېرىپ كەلمىسە كۆڭلى تىنمايتتى. بۇغراخاننىڭ بايا قۇل يىگىتنى كۆرۈپ، «مۇدەررىسنىڭ ئۆيىگە بارمىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

— مەھمۇت ھازىر قەيەردە؟ — يەنە سورىدى بۇغراخان قۇل يىگىتتىن.

— ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا. چاقىرىپ قويايمۇ؟

— ياق، ئۆزۈم باراي، — دېدى بۇغراخان ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى.

مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ھۈسەيىن بۇغرا تېگىننىڭ ئوغلى، كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت ئۆز ھۇجرىسىدا، پۈتۈن خانىغا بىر كەلتۈرۈپ سېلىنغان ئۇدۇن نۇسخىسىدىكى رەڭدار گىلەم ئۈستىدە چەزانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى نەقىشلىق شىرەگە قويۇلغان سېرىق خۇرۇم مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنى ياقىلاپ قويۇلغان ئىككى جاۋەنگە ۋە مەھمۇتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تامنىڭ تەكچىلىرىگە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى كىتابلار، كارنايچە قىلىپ يۆگەلگەن قوليازمىلار ۋە ئۇدۇننىڭ دەستە-دەستە سۇپەتلىك سېرىق قەغەزلىرى تىزىۋېتىلگەنىدى. مەھمۇت كىتابقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە بوۋىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى ۋە ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي قالدى. مۇھەممەت بۇغراخان ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن يېشىل مەخمەل پەرەنجە كىيگەن بۇ تاقىر باش ياش تالىپقا ئۇزاقىچە قاراپ تۇرۇۋەرمەستىن، خانا ئىچىگە قەدەم تاشلىدى. مەھمۇت شۇندىلا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بوۋىسىنى كۆردى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇغراخاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سول پۇتىغا تىزلىنىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئەگدى.

— قۇت بولسۇن، خان بوۋا!

— قۇت بولسۇن، بالام، ئولتۇرغىن.

مۇھەممەت بۇغراخان ئالدى بىلەن ئۆزى شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن مەھمۇتمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جايىغا يۈكۈندى.

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى بۇغراخان.

— ئەبۇ سەئىد ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەت ئەل ئىدرىسى يازغان «سەمەرقەنت تارىخى»، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇت ۋە ئارقىدىنلا يەنە قوشۇپ قويدى، — سىز بەرگەن «ئالتۇن يايلاق» ① دېگەن كىتابنى تۈنۈگۈن ئوقۇپ بولغانىدىم، بۈگۈن بۇ كىتابنى باشلىدىم.

① ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ھۈسەيىن ئەل مەسئۇدى (مىلادى 956 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يازغان ئەسەر.

— مۇدەررىس ھۇسەيىن ئەپەندى خەلپىنىڭ ئېيتىشىچە، سىلەر ھازىر «زامان گۆھەرلىرى» دېگەن ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇۋېتىپسىلەرغۇ، — دېدى بۇغراخان، — مەنىڭغۇ ئەرەب تىلىغا ئانچە پىششىق ئەمەس. ئىشقىلىپ، بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنى ئۆگىنىش تالىپلار ئۈچۈن خېلى قىيىنغا توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر سىلەرگە ئۆتۈلۈۋاتقان رىيازىيات ① ۋە فەلەكىيات ② بىلىملىرىمۇ ئاسان ئەمەس. مەدرىسنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغىنىڭدا باشقا كىتابلارنى ئوقۇيمەن دەپ دەرسلەرگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويمىغىن يەنە.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى مەھمۇت باشقىچە جانلانغان ئاۋازدا، — «زامان گۆھەرلىرى» مەدرىستە ئوقۇلۇپ بولغۇچە، ئۆزۈم ئالدىمىدىن ئۆتكۈزۈپ بولدۇم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچە شېئىرلارنى يادلىۋالدىم.

مۇھەممەت بۇغراخان رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. مەھمۇت ھەر دائىم كىتاب ۋە ئىلىم - پەن توغرىسىدا سۆز ئېچىلغاندا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كېتەتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ سۆھبەتنىڭ مۇشۇ ماۋزۇدا داۋاملىشىشىغا تەقەززا بولغانلىقتىن چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى ئۆزگىچە نۇرلىنىپ، چاقناپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، بوۋىسى گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

— بارىسخاندىن چاپارمەن كەلدى، — دېدى ئۇ، — ئاتاڭ يولغا چىقىپتۇ. تەڭرى بۇيرۇسا، ئىككى — ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن مەن كېتىمەن. بۈگۈن ئۇستازىڭنىڭ سېنى قايتۇرۇۋەتكىنى ياخشى بوپتۇ. ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، بالام.

مەھمۇت سوئال نەزەرى بىلەن بوۋىسىغا قارىدى. مۇھەممەت بۇغراخان ئىللىق مېھرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن نەۋرىسىگە قارىدى ۋە قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن يەنە شۇ قولى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، يەلكىسىگە ئاستا شاپىلاقلاپ قويدى.

— چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بالام، — دېدى بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ، مەسلىكى كەلگەنلىكتىن كۈلۈمسىرەپ، — چوڭ بولۇپ قالدىڭ، تەڭرى بۇيرۇسا، كېلەر يىلى مەدرىسنى تاماملايسەن.

ئۇ يەنە مەھمۇتنىڭ يەلكىسىگە مېھرى بىلەن شاپىلاقلاپ قويدى. مەھمۇت كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئېچىپ، بوۋىسىنىڭ ئادەتتىكىدىن باشقىچە مۇلايىملىشىپ كەتكەن چىرايىغا سەل ئەجەبلىنىپ سەپ سالدى. بوۋىسى بولسا، يەنىمۇ مۇلايىملاشقان ئاۋازدا سورىدى:

— مەدرىسنى تاماملىغاندىن كېيىن نەدە تۇرۇشنى ئويلاۋاتىسەن؟

مەھمۇت بۇ سوئالدىن تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلىپ، جاۋاب بېرىشتە سەل دۇدۇقلاپ قالدى.

— ھە...نەدە تۇرساممۇ ئوخشاش...ھە... قەشقەردە تۇرساممۇ... ياكى سىزنىڭ يېنىڭىزغا بېرىپ تۇرساممۇ بولىدۇ.

— مەن سېنى ئېلىپ كېتىمەن، مەھمۇت، — دېدى بۇغراخان يەنىلا كۈلۈمسىرەپ، — سەن مەن

① رىيازىيات — ماتېماتىكا.

② فەلەكىيات — ئاسترونومىيە

بىلەن بىللە بولۇشۇڭ كېرەك. بىز گاھى تالاستا، گاھى ئىسپىجاپتا تۇرىمىز. مەن سېنى ئۆز قولۇمدا تەربىيىلەپ، ئوردا ئىشلىرىغا ئۆگىتىمەن. مەدرىسىدە ياخشى ئوقۇۋاتىسەن. توقۇغان نەزمىلىرىڭنى، تىل ئىلمىدىن يازغان رىسالىلىرىڭنى كۆردۈم. بۇلارغا مۇدەررىسلىرىڭ يۇقىرى باھا بېرىشتى... ناھايىتى بالدۇرلا، كىچىك تۇرۇپلا قولۇڭغا قەلەم ئالدىڭ. ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق بالا بولدۇڭ، مەھمۇت. ئەمدى بىلىمىڭنى ھەقىقىي ئىشقا سېلىش پەيتى كېلىپ قالدى. مەن سېنى كاتتا سىياسىئون قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىرىمەن. سەن مېنىڭ سارىيىمدا تۆكسۈنمۇ، يابغۇمۇ، ھاجىپمۇ، ئىشقىلىپ بىر ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلىسەن. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مېنىڭ ئورنۇمغا بۇغراخان بولۇپ، تالاس بىلەن ئىسپىجاپنىڭ ھۆكۈمدارى بولىسەن.

مەھمۇت گەپ قىلمىدى. بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەم شۈك بولغاندىن كېيىن سورىدى:

— ھە، قانداق؟ گەپ قىلمايسەنغۇ؟ مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا تۇرامسەن؟

مەھمۇت بوۋىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام خۇش بولىمەن، بوۋا، لېكىن...

— ھە، نېمە «لېكىن»؟ ئوغۇل بالىدەك دادىل سۆزلىمەمەن.

— لېكىن مەن ۋەزىر بولۇشنى خالىمايمەن.

— ھە، ئەمىسە قانداق ئىشنى ياقتۇرىسەن؟ دىۋان بېگى بولۇپ، مەھكىمە ئىشلىرىنى باشقۇرامسەن؟ ياكى تابغۇچى بولۇپ، ئوردا خەزىنىسىگە مەسئۇل بولامسەن؟ ھە، قېنى، ئۆزۈڭ تالla، ئىختىيار ئۆزۈڭدە. ياكى يالۋاچ بولۇپ، چەت ئەللەرگە چىقىشنى ئويلامسەن؟

مەھمۇت يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ياق، بوۋا، — دېدى ئۇ، — مەن مۇدەررىس بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— نېمە؟ — مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى، — نېمە دېدىڭ؟ مۇدەررىس؟ قەيەردە مۇدەررىسلىك قىلماقچىسەن؟

— قەيەردە بولسىمۇ ئوخشاش. ناۋادا قەشقەردە قالغۇدەك بولسام، ساچىيە مەدرىسىدە، سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسام، تالاس ياكى ئىسپىجاپتىكى بىرەر مەدرىسىدە تالىپلارنى تەربىيىلەش ھەم ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسام دەيمەن.

بۇغراخان مەھمۇتنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي موللىچاق! — دېدى ئۇ چاقچاق تەلەپپۇزى بىلەن ۋە نەۋرىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئالقىنى بىلەن ئىككى - ئۈچنى ئۇرۇپ قويدى، — راسا بىر كىتابۋاز بولۇپ چىقىپسەن - دە! بولدى، قوي بۇ گەپىڭنى.

بۇغراخان يەنە بىر دەم كۈلدى. ئۇ خۇددى گۇدەك بالىنى ئەركىلەتكەندەك نەۋرىسىنىڭ تاقىر بېشىنى سىلاشتۇراتتى، يەلكىسىگە، دۈمبىسىگە شاپىلاقلايتتى.

— بولدى، بۇ گەپنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن قوزغالدى، — يۈر، دالىغا چىقىپ راسا بىر ئات چاپتۇرۇپ ئوينىۋالايلى.

—ئات چاپتۇرۇپ؟ — مەھمۇت چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، يېنىشلاپ سورىدى.

—شۇنداق، — دېدى بۇغراخان ۋە ئورنىدىن تۇردى. مەھمۇتمۇ ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ، بوۋىسىغا تىكىلدى. بۇغراخان مېڭىشقا تەمشەلدى-يۇ، يەنە توختاپ، نەۋرىسىگە قارىدى.

—قېنى، ئېيتقىنا، مەھمۇت، — دەپ سورىدى ئۇ، — خاقانىيە مەدرىسلىرىدىكى تالىپلار ئۈچۈن دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردىن تاشقىرى يەنە ئىگىلەشكە تېگىشلىك ماھارەتلەر قايسىلار؟

مەھمۇت جاۋاب بەردى:

—قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، چەۋگەن ① ۋە شاھمات ئويناش، ساز چېلىش.

—توغرا، — دېدى بۇغراخان، — قەشقەردىن كېتىش ئالدىدا سېنىڭ ئات ئۈستى ماھارىتىڭنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرەي. نەۋكەرلەرنى باشلاپ چىقىپ، چەۋگەن ئوينايلى.

ئۇ، بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن چاقچاق ئارىلاش ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—سەن كىتابنى كۆپ ئوقۇدۇڭ. فەلەكىياتتىن تارتىپ تىبابەتچىلىككىچە، رىيازىيات ۋە ئەدەبىياتتىن تارتىپ تارىخ ۋە پەلسەپەگىچە بولغان ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە پىششىپ چىقتىڭ. ئەمدى ئات ئۈستىدە كۆرسىتىدىغان كارامىتىڭمۇ بارمۇ؟ ھە؟ گەپ قىلە!

مەھمۇتنىڭ چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرى شوخ چاقناپ كەتتى ۋە ئۇ خۇددى بوۋىسىغا ئوخشاشلا چاقچاق ئارىلاش ئاھاڭدا سۆز ياندۇردى:

—ئات ئۈستىدە كۆرسىتىدىغان كارامىتىم بولمىسا بۈيۈك خاقانىيىدە قانداق ياشايمەن؟ خاقانىيە ئوغۇللىرى ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدۇ!

—يارايسەن، مەھمۇت! — مۇھەممەت بۇغراخان شادلانغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، نەۋرىسىنىڭ بىلىكىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇپ سىلكىپ قويدى، — قېنى، يۈر ئەمىسە، كارامىتىڭنى كۆرسەت!

مەھمۇت بوۋىسىغا قاراپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەجەبلەندى، چۈنكى بۇغراخاننىڭ مىجەزى چۇس، ئۆزى ھەممە ئىشتا تەلەپچان، چىرايى سۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كۈلۈشىنى ناھايىتى كەم كۆرگىلى بولاتتى.

مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن قىرىق نۆكەر خۇددى جىددىي جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىشتى ۋە قاپۇغىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا ئاق ئاتلىقلار ۋە قارا ئاتلىقلار بويىچە ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشتى.

—بۇ ئاتنى ساڭا سوۋغا قىلاي، — دېدى بۇغراخان ۋە يۇلتۇز شەكلىدىكى ئاق قاشقىلىق چىرايلىق قارا ئارغىماقنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھمۇتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۈگۈندىن كېيىن مۇشۇ ئاتنى مىنىپ، بوۋاڭنى ئەسلەپ تۇرغىن.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ گەۋدىلىك ئاق بوز ئاتقا مىنىپ سەپ ئالدىغا كەلدى ۋە نۆكەرلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى. نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەلەپكە لايىق ئىدى، ئۇ-

① چەۋگەن — ئات مىنىپ ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

چىمەنگە كەشتىلەنگەن ئاق كۆڭلەك ۋە كۆك شىم كىيىپ، بېلىنى كۈمۈش بىزەكلىك كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلاشقان؛ ھەممىسىنىڭ باشلىرىدا ئوخشاشلا قارا قوزا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن ئۆرە قالپاق، پۇتلىرىدا سېرىق ئوغۇق①؛ يانلىرىدا قىلىچ، قوللىرىدا ئۈچى ئەگرى چەۋگەن تاياقلىرى.

بۇغراخان نۆكەرلەرنىڭ تەييارلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئېتىنى دەۋرىتىپ، قاپۇغ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتى. بۇ يەردە ئۈچ يۈز كىشىلىك چارلىغۇچىلار ۋە بەش يۈز قورۇقچى ئايرىم - ئايرىم سەپ تارتىپ، بۇغراخاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار ناۋات رەڭ يىپەك سەللە ئوراپ، چاكىنىنىڭ سېرىق تەڭگىلىك قىزىل تاۋارىدىن تون كىيگەن چار ساقال، سۇر لۇك بۇغراخاننى كۆرگەندىن كېيىن پۇتۇن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇيرۇق كۈتۈپ ئۇنىڭغا كۆز تىكىشتى. بۇغراخان يەنە ئېتىنى توختاتتى-دە، قاسىراقسىمان تۈمۈر ساۋۇت ۋە يالتىراق مىس دۇبۇلغا كىيىپ، قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان بۇ ئەزىمەتلەرنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئوڭ قولىنى كەسكىنلىك بىلەن شىلتىپ، يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

ئەڭ ئالدى بىلەن چارلىغۇچىلار چۆل تەرەپكە قاراپ، ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ئاندىن بۇغراخان بىلەن قورۇقچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. ئەڭ ئاخىرىدا چەۋگەن ئويناشقا تەييارلانغان نۆكەرلەر قاپۇغدىن چىقىپ، ئۇلارغا ئەگەشتى.

شامالدەك چاپقۇر قارا ئارغىماق مىنگەن ۋە خۇددى چەۋگەنچى نۆكەرلەرگە ئوخشاشلا قارا قوزا كۆرپىسىدىن ئۆرە قالپاق كىيگەن مەھمۇت بوۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. خۇددى شۇنداقلا قارا ئارغىماققا مىنگەن ئۇنىڭ خاس قۇلى تۇرۇمتاي ئىككىيلەنگە چەۋگەن تايىقىنى (ئۆزىنىڭ ۋە مەھمۇتنىڭ) تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار قاپۇغ تەۋەسىدىن چىقىپ، يېزا يولىغا چۈشتى ۋە ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتىچە يول بويىدىكى توخۇ، غازلارنى، سالپاڭ قۇلاق ئىتلارنى ئۈركىتىپ، لاي سۇۋاقلىق پاكار - پاكار قارا ئۆيلەرنىڭ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالانغان مېۋىلىك باغلارنىڭ ئالدىدىن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىشتى - دە، ئۇپۇققا تاقاشقان پايانسىز دالىغا يۈزلەندى. يېزا باغلىرى ۋە تېرىلغۇ يەرلەر ئارقىدا قالدى. ئاتلىقلار چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قارا ۋە ئالا ئېشەك مىنگەن دېھقانلار، كۆتەك ھارۋىلىرىغا توغراق باسقان ئوتۇنچىلار ئۇچرىمايدىغان بولدى.

ئاتلىقلار داسقاندەك كەڭ يېيىلغان چۆلنى كېزىپ، مەخسۇس چەۋگەن ئويۇنى ئۈچۈن تەييارلانغان جايغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ، ئۇزۇنلۇقى مىڭ چامدامچە، كەڭلىكى بەش - ئالتە يۈز چامدامچە كېلىدىغان تۈزلەپ ياسالغان مەيدان بولۇپ، چۆرىسىگە قىل ئارقان تارتىلغانىدى. مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا چەۋگەن توپى كىرگۈزۈلىدىغان «دەرۋازا» بار ئىدى. بۇ ئاتالمىش دەرۋازا — ئارىلىقى بىر غۇلاچ چىقىدىغان بولۇپ، رەڭلىك خىشلار بىلەن گۈل چىقىرىپ قوپۇرۇلغان، ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى كىچىك مۇنارلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئەگرى تاياق تۇتقان چەۋگەنچىلەر ئاق ۋە قارا ئاتلىقلار بويىچە بەشتىن - بەشتىن ئىككى تۈركۈمگە ئايرىلىپ. مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا تىزىلىشتى. ئىچىگە قوي يۈڭى

① ئوغۇق—ئۆتۈكنىڭ ئۈستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق.

تىقىپ چىڭدالغان تېزە توپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇھەممەت بۇغراخان ئاق ئاتلىقلارغا، مەھمۇت قارا ئاتلىقلارغا باش بولدى.

مەيداننىڭ چېتىدە تۇرغان بايراقچى قىزىل تۇغنى ئىككى قوللاپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈش بىلەن ئويۇننى باشلاشقا بەلگە بەردى. مەيداننىڭ ئىككى بېشىدىكى چەۋ-گەندچىلەر بىراقلا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى توپقا قاراپ ئېتىلىشتى. ھەممىدىن بۇ-



www.uyghurkitap.com



رۇن ئاق ئاتلىق بۇغراخان بىلەن قارا ئاتلىق مەھمۇت بىر ۋاقىتتا دېگۈدەكلا توپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى. بۇغراخان ئەگرى تايىقىنى كۆتۈرۈپ، توپنى ئەمدى ئۇراي دەپ تۇرغىچە قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەلگەن مەھمۇت ئىگەر ئۈستىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ توپنى ئەگرى تاياق بىلەن يېنىك-يېنىك ئۇرۇپ ئېلىپ قاچتى. قايسى تەرەپ توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا كىرگۈزۈۋەتسە، يەنى ھېلىقى ئىككى مۇنارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولاتتى. مەھمۇت يېتىشىپ كەلگەن ئاق ئاتلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— تۇرۇمتاي! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، توپنى ئەگرى تاياق بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، نېرىدا چېپىپ كېتىۋاتقان خاس قولىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭغىچە قارشى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى ئېتىلىپ كېلىپ توپنى تالاشقىلى تۇردى. ئاق ئاتلىقلار بىلەن قارا ئاتلىقلار مەيدانغا تارقىلىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە تىرىشاتتى. توپ بىر دەم قارا ئاتلىقلار تەرەپكە، بىر دەم ئاق ئاتلىقلار تەرەپكە ئۆتۈپ تۇراتتى. چەۋگەنچىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئەگرى تاياقلار بىلەن توپنى ئۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىگە پاس چىقىرىپ بېرەتتى. بەزىلەرنىڭ تاياقلىرى توپقا تەگمەي، ئاتلارنىڭ گەۋدىسىگە تېگىپ كېتەتتى ياكى باشقىلارنىڭ تاياقلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتەتتى. بەزىلەر قىزىپ كەتكەن ئاتلىرىنى توختىتالماي، باشقا ئاتلارغا سوقۇلۇپ كېتەتتى. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، چەۋگەنچىلەرنىڭ قىيقاس-چۇقانلىرى... ئەگرى تاياقلار بىلەن ئۇرۇلغان توپ ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا قاڭقىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاق ئاتلار ۋە قارا ئاتلار گاھ توپنىڭ كەينىدىن چېپىشاتتى، گاھ پۈتۈن مەيدانغا يېيىلىپ، چېچىلىپ كېتەتتى، گاھ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ كېلىپ، بىر يەرگە غۇژمەك بولۇپ تىقىلىپ قېلىشاتتى...

ئاخىرى، بىر مەيدان كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن قارا ئاتلىقلار يېڭىلىپ چىقتى. چەۋگەنچىلەر مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىشتى. مەھمۇت ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ، بۇۋىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇھەممەت بۇغراخان جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋە ساقالسىز يۇمران مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەن مەھمۇتقا قاراپ قويۇپ دېدى:

— توختاپ تۇر! ئالدىراپ تەنتەنە قىلما، يەنە بىر مەيدان ئېلىشىمىز تېخى.

بوغراخان بۇ گەپلەرنى قىلغاندا گەرچە ھەر دائىمقىدەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن نەۋرىسىگە قارىتا قايىل بولغانلىق ۋە سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

چەۋگەنچىلەر ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئاتلىرىنىڭ تەرىنى قۇرىتىۋالغاندىن كېيىن يەنە مەيدانغا چۈشۈشتى. بۇ قېتىم ئۇزاق ۋە قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاق ئاتلىقلار ئۇتۇپ چىقتى.

— تەڭلىشىپ قالدۇق، يەنە بىر مەيدان ئوينايمىز، — دېدى مەھمۇت بۇۋىسىغا مەيداننىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن.

—بولدى ئەمدى، —دېدى بۇغراخان، —چارچىدىم، قېرىپتىمەن.

بۇغراخان شۇنداق دېدى-دە، ئېمە ئۈچۈندۇر ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ نەۋرىسى مەھمۇتتەك قىران چاغلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ مەرھۇم ئاتىسى يۈسۈپ قادىرخان تېخى تەختكە ۋارىسلىق قىلىنمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ «قادىرخان» ئەمەس، بەلكى «يۈسۈپ تېگىن» دەپ ئاتىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ تېگىن بىر قېتىم يىراققا يۈرۈش قىلىش ھەربىي مەشقى ئېلىپ بېرىپ، ئوپالغا كەلگەندە، بۇ مەشققە قاتناشقان ئوغۇللىرى سۇلايمان بىلەن مۇھەممەتنى دەل مۇشۇ چەۋگەن مەيدانىغا باشلاپ كەلگەنىدى.

شۇ كۈنى بۇ يەردە چەۋگەن ئويۇنى ھەجەپمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ تېگىن گويا قايتىدىن ياشىرىپ قالغاندەك شۇنچە قىزغىن ئىشتىياق ۋە ھەۋەس بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، بارچە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرايتتى: «سۇلايمان توپنى بۇياققا ئۇر، بۇياققا!» ئارقىدىنلا ئۇ يەنە مۇھەممەتنى ئالدىرىتاتتى: «مۇھەممەت، ئېتىڭنى تېز چاپتۇر! توپنى ئۇنىڭدىن تارتىۋال!» ئاكا-ئۇكىلارمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويۇنغا بېرىلىپ، خۇددى بۇ كىچىككىنە يۇڭ توپنى قولدىن چىقىرىپ قويسا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، بارلىق كۈچى ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرىنىمۇ، ئاتلىرىنىمۇ ئايىماستىن، توپنى قوغلىشاتتى، تالىشاتتى.

ئاخىرى چەۋگەننى پۇخادىن چىققىچە ئويناپ ھارغاندىن كېيىن ئاكا-ئۇكىلار مەيداندىن چىقىپ، توق سېرىق يېپەك سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئاتىسى بىلەن ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشتى. شۇندىن كېيىن يۈسۈپ تېگىن ئاكا-ئۇكا سۇلايمان بىلەن مۇھەممەتنى چېلىشقا سالدى. بىر نەچچە قېتىملىق چېلىشتا تولاراق سۇلايمان يىقىتتى، مۇھەممەت بىر قېتىملا يېڭەلىدى. يەنە بىردەم ھاردۇق چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئاتىسى ئۇلارنى نەيزە ئېتىشقا سالدى. مۇھەممەتنىڭ ئاتقان نەيزىسى سۇلايماننىڭ نەيزىسى سانجىلىپ تۇرغان يەرگە ئىككى قەدەمچە يېتەلمىدى.

«يەنە ئات!» —دەپ بۇيرۇق بەردى ئاتىسى.

مۇھەممەتنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاتقان نەيزىسىمۇ سۇلايماننىڭكىگە يەتمىدى.

«بولمايدۇ! —دەپ خىتاب قىلدى يۈسۈپ تېگىن، —نەيزىنى شۇنداقمۇ ئاتقان بارمۇ؟ سەن ئېمە بولدۇڭ، مۇھەممەت؟ چېلىشتىمۇ ئۇتالمىدىڭ، نەيزە ئېتىشتىمۇ يېتەلمەيۋاتىسەن!»

مۇھەممەت خىجالەتچىلىكتە يەرگە قاراپ، بويىنىنى تولغاپ قويدى-دە:

«ئۇ مەندىن چوڭ تۇرسا...» —دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

«ئېمە! —دېدى يۈسۈپ تېگىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، —بۇ گەپنى ئويلىماستىن قانداق ئاغزىڭدىن چىقاردىڭ؟ ئۆزىدىن زورنى، كۈچلۈكنى يەڭمىسە باتۇر بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ! نەيزەڭنى يەنە ئات. قاچانكى، نەيزەڭنى سۇلايماننىڭ نەيزىسى سانجىلىپ تۇرغان ئاشۇ يەردىن يىراققا چۈشۈرمىسەڭ بۇ يەردىن كەتمەيسەن».

مۇھەممەت قارا تەرگە چۆمۈپ بىر نەچچە قېتىم نەيزە ئاتقاندىن كېيىن ئاخىرى سۇلايماننىڭ نەيزىسىدىن سەل يىراققا چۈشۈردى.

«ھە، ئەمدى بولدى»، — دېدى يۈسۈپ تېگىن قانائەت ھاسىل قىلىپ. ئاندىن ئۇ ئىككى ئوغلىنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى:

«بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق قاتتىق مەشق قىلىپ، ياخشى چېنىقىڭلار. قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشىپ چىققاندىلا ئاندىن بىر-بىرىڭلارغا مۇستەھكەم يۆلەك بولالايسىلەر ۋە شۇنداق بولغاندىلا ھەر قانداق زور ۋە قۇدرەتلىك رەقىبنى يېڭەلەيسىلەر، ئۆز قەدرى-قىممىتىنى يوقاتمىغان غالىبلاردىن بولۇپ ياشىيالايسىلەر».

مۇھەممەت بۇغراخان ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، ياش مۇھەممەت مانا ئەمدى ساقلىغا ئاق سانجىلغان بۇغراخان بولغان كۈنلەردە ئەھۋال قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەت بۇغراخان بىر-بىرىگە يۆلەك بولالمىدى، ئەكسىچە... ئەپسۇس، ئەپسۇس! يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلالمىدى. «بۇ گۇناھ زادى كىمدە؟ — دەپ ئويلايتتى مۇھەممەت بۇغراخان، — سۇلايماندىمۇ ياكى مەندىمۇ؟ كېيىن يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئاداققى تەقدىرىمىز قانداق بولار؟ ئاھ، ياراتقان ئاللا ئىگەم، گۇناھكار بەندەڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»

مۇھەممەت بۇغراخان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى-دە، بېشىنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، بۇ خىياللارنى قاچۇرۇشقا تىرىشتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان، بولۇپمۇ خانلار يىغىنىدىن كېيىن مۇشۇ خىلدىكى ئەسلىمىلەر ۋە خىياللار مۇھەممەت بۇغراخانغا ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ھەر قانچە ئويلىماسلىققا ئۇرۇنسىمۇ، پات-پاتلا بۇ خىل ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇلغىۋالاتتى-دە، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى.

— بۇۋا نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى مەھمۇت ئۇنىڭ ئوزايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆزىتىپ.

— ھە... ھە، ھېچنېمە، ھېچنېمە... — دېدى بۇغراخان ۋە چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتتى.

ئۇ ئۆپچۆرىسىگە كۆز تاشلىدى ۋە ئاتلىرىنىڭ تەرىنى قۇرىتىش ئۈچۈن چۇلۇۋۇرلىرىدىن يېتىلىشىپ مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرگەن چەۋگەنچىلەرگە قاراپ تۇرۇپ، مەھمۇتقا مۇراجەت قىلدى:

— ئۆتكەندە ساچىيە مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى بىلەن مەرىبىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىڭنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە نەيزىۋازلىق ۋە ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتىڭنى كۆرۈپ خۇرسەن بولغانىدىم. بۈگۈن چەۋەندازلىقتىمۇ تەلەپكە لايىق بولغىنىڭنى كۆردۈم. يارايسەن! خاقانىينىڭ مۇناسىپ ئوغلى بولۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇش كېرەك. ئىلىم-پەننىمۇ، ھەربىي ئىشلارنىمۇ ئوخشاشلا پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ياۋنى يېڭىپ، ئەلنى قوغداشتا ئات مىنىپ، قورال تۇتۇشنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ؛ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئەلنى سوراشتا بىلىمىڭ بولمىسا بولمايدۇ.

شۇ ئەسنادا بۇغراخاننىڭ خاس قورۇقچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئاق ئېتىنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇغراخان ئېتىنى ئالماي تۇرۇپ، يېقىن ئارىدا تۇرغان يەنە بىر قورۇقچىنىڭ نەيزىسىنى ئالدى-دە، غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن ئاتتى. سىزىپ قويغاندەك تۈپتۈز نەيزە يىراقتا ئۇچۇپ بېرىپ يەرگە سانجىلدى. بۇنى كۆرۈپ،

مەھمۇتمۇ يەنە بىر قورۇقچىنىڭ نەيزىسىنى ئالدى-دە، خۇددى شۇنداقلا كۆچۈرۈپ ئاتتى. ئۇنىڭ ئاتقان نەيزىسى شىددەتلىك ئۇچۇپ بېرىپ، بۇغراخاننىڭ يەرگە سانجىلىپ تۇرغان نەيزىسىدىن بىر-ئىككى قەدەم يىراققا چۈشتى. بۇغراخان ئۇنىڭ نەيزە ئېتىشىنى كۆزەتكەندىن كېيىن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ مەھمۇتمۇ كۈلدى.

شۇندىن كېيىن بۇغراخان يىغىلىپ بولغان قورۇقچى ۋە چەۋگەنچىلەرگە قاراپ:

— ئاتلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى-دە، ئۆزىمۇ ئىرغىپ ئېتىغا مىندى.

ئاتلىقلار رەتلىك تىزىلىپ، سەپ بويىچە ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يولغا چۈشتى. بۈگۈن مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ روھىي كەيپىياتى باشقىچىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇنىڭ يەنىلا جىم-ماڭغۇسى كەلمىدى.

— ھەي يىگىت، قولۇڭدىكىنى ماڭا بەرگىنە! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، چەۋگەن توپىنى قولىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر چەۋگەنچى چەرىگ تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

ياش چەرىگ ئېتىنىڭ يورغىسىنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭغا يانداشتى ۋە توپ بىلەن ئەگرى تاياقنى سۇنۇپ بەردى.

— مەھمۇت، مانا بۇ توپنى تۇتۇپ ئالالامسەن؟ — دەپ يەنە ۋارقىرىدى بۇغراخان ۋە چەۋگەن توپىنى يەرگە تاشلاپ، ئەگرى تاياق بىلەن قاتتىق ئۇردى. توپ ھاۋاغا قاڭقىپ چىقىپ، يىراققا دومىلاپ كەتتى. مەھمۇت ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئەمدىلا قولىنى پەسكە ئۇزاتاي دەپ تۇرۇشىغا سوكۇلدىشىپ يېتىپ كەلگەن بۇغراخان ئەگرى تاياق بىلەن توپنى يەنە ئۇردى. توپ يەنە كۆكلەپ بېرىپ يىراققا دومىلاپ كەتتى. بۇغراخان توپنى ئۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە مەھمۇت بوراندەك ئۇچۇپ باردى-دە، سۇرئىتىنى ئاستىلاتماي تۇرۇپ، ئىگەر ئۈستىدىن چەبدەسلىك بىلەن يانغا ئېگىلىپ، ئانارچىلىك يۇڭ توپنى بارماقلىرى بىلەن چىڭ قىسىپ تۇتۇپ ئېلىۋالدى. قىزىرىپ كەتكەن يۇلتۇز قاشقىلىق قارا ئارغىماق مەھمۇتنىڭ تېزگىن تارتىشىغا بوي بەرمەي، تۇياقلىرى ئاستىدىن چاڭ توزۇتۇپ يەنە خېلى ئۇزاققىچە چېپىپ كەتتى.

مۇھەممەت بۇغراخان ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، شادلىق تۇيغۇسى سىڭگەن جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي مەھمۇت، ھەي مەھمۇت! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ. — مۇدەررىس بولىمەن دېگەن گېپىڭنى تاشلا. سەن ۋەزىر بولىسەن، ۋەزىر بولمىساڭ سۇباشى ① بولىسەن، سۇباشى!

بۇغراخان خۇشاللىق ئىچىدە نەۋرىسىدىن زوقلىنىپ يەنە كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە مەھمۇت ئېتىنى تىزگىنلەپ، ساقالسىز مەڭزىلىرى خۇددى تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ كەتكەن، يوغان قوي كۆزلىرى شوخ چاقناپ تۇرغان ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە بوۋىسىغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ھەر ئىككىسى سەپكە قوشۇلدى. ئاتلىقلار ئاتلىرىنى گاھ چاپتۇرۇپ، گاھ يورغىلىتىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئوپال قاپۇغىغا قايتىشتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

① سۇباشى — باش قوماندان.

# پارتلاش

(ئەدەبىي ئاخبارات)

يې خۇاجۇ

قادىر ئىسمايىل تەرجىمىسى

1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىنكى 57 كۈن ئىچىدە شىنجاڭدىكى 31 ئورۇندا ئارقىمۇ - ئارقا 43 قېتىم كاربىتتا پارتلاش هادىسىسى يۈز بەردى. قانلىق ۋەقەدە تۆت كىشى هالاك بولدى. 27 كىشى يارىدار بولدى. گۈلچەمبىرەك، قارىلىق، نالە - پەرياد، يىغا - زارلەر... پارتلاشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان نەچچە ئونلىغان ئورۇن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ۋەكالىتەن باشقۇرغان يۆجىن پولات زاۋۇتى ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى پارتلىغان كاربىتلارنىڭ هەممىسى مۇشۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغانىدى. 43 قېتىملىق پارتلاش سادالىسى پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. تاپا - تەنىلەر هەر ياقتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ هادىسە.

هادىسىدە مەسئۇلىيىتى بار كىشىلەر چوقۇم قانۇنىي جازاغا تارتىلىشى كېرەك.

**ئىخ! داشگۇ جىلغىسى سېنىڭ 27 يىللىق سەرگۈزەشتەڭ**

«بېيجىڭ 212» ماركىلىق ئاپتوموبىل زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىۋاتماقتا. ئاپتوموبىلدا يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ باشلىقى يى تەيشىياڭ ئولتۇراتتى.

بۇ — 1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاسمانىنى قويۇق بۇلۇت قاپلىغان بىر ئەتىگىنى. شۇ تاپتا يى تەيشىياڭنىڭ كەيپى بۈگۈنكى هاۋادىنمۇ بەكرەك تۇتۇق بولۇپ، ئۇ يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلغان 1958 - يىلىدىن تاكى هازىرغىچە 27 يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا يەتتە قېتىم پارتكوم سېكرېتارى، بەش قېتىم زاۋۇت باشلىقى ئالماشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇ كەچۈرۈم سورىغان تۇنجى كىشى ئىدى.

ئاپتوموبىلنىڭ سىلكىنىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنى بىر گىشى كالتەك بىلەن قاتتىق دۇمبالاۋاتقاندەك ئاغرىپ، بەللىرى سىقىراشقا باشلىدى. بۇ پەۋقۇل-

مادده خەتەرلىك يولدا ئۇ ئاپتوموبىل بىلەن قانچىلىغان قېتىم ماڭغىنىنىمۇ ئېس-
لىيەلمەيدۇ. پەقەت ئېسىدە قالغىنى شۇكى، 1979 - يىلى ئۇنىڭ ئاپتوموبىلى 30
نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك يارغا ئۇلاپ كېتىپ، بەش تال قوۋۇرغىسى،
ئىككى پاچىقى سۇنۇپ كەتتى. بەل ئومۇرتقىسىنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمى كاردىن
چىقتى. سەككىز يىلى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، بىر يىلدىن ئارتۇقراق زاۋۇت
باشلىقى بولۇپ بىر كۈنمۇ خاتىرجەم ياشىيالمىدى. ئۇنى باشتىن - ئاخىر بىر
خىل ۋەھىمە، خەۋپ، گۇمران بولۇش ھېسسىياتى چۇلغىۋالغانىدى. كۆتۈلمىگەن
ئىش ئاقىۋەت يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا شان - شەرەپ
يۇپاكى ھاقارەت ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئۇ پەقەت دائىم ئېغىر ئۇھ تار-
تىپ يۈرەتتى: — ئاھ! بالا - قازاغا يولۇقۇپلا يۈرىدىغان يۈجىن پولات - تۆمۈر زا-
ۋۇتىنىڭ كىشىلىرى. 12 مىڭ ئادەم بۇ تاغ ئىچىدىكى چوڭقۇر جىلغىدا
ھازىرمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك جاپا - مۇشەققەت ۋە كۈلپەتلىك تەقدىر بىلەن بىرلىك-
تە جان تىكىپ ئىشلىماقتا.

يۈجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى ناھايىتى قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل قايىنام
تاشقىنلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ چاغ، 1958 - يىلى ئۇ ئەمدىلا چوڭ تاغدىن ئايرىلىپ
بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇ «چوشقا كۈچۈكى بىلەن پىل بەيگىگە چۈشكەن»،
«مو مەھسۇلاتى 10 مىڭ جىڭدىن ئاشقان» دەۋرلەر ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھەر
كۈنىگە نەچچە يۈز ئادەم كېلىپ تۇرغانلىقتىن، يېرىم يىل بولمايلا 6 مىڭدىن
ئارتۇق ئادەم كېلىپ بولغانىدى. ئۇلار ئاي دالادا تاشنى ياستۇق، ئاسماننى
يېپىنچا، يەرنى كۆرپە قىلىپ يېتىپ - قوپۇپ، سانسىزلىغان كېچە ۋە كۈندۈزنى
ئۆتكۈزدى. ھېچكىممۇ ھاردىم، تالدىم، قىينالدىم دېمەيتتى.

يۈجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، كىشىلەر تېزلا
ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا بىر يوشۇرۇن كاۋاك تۇرغان-
لىقىنى سېزىپ قېلىشتى. ئۇ بولسىمۇ تولدۇرۇش ناھايىتى قىيىن بولغان غايەت
زور زىيان ئىدى. ئۇ — بەدەل بىلەن ھېسابلاشماسلىق، «مىڭ تامچىلاپ تەر تۆ-
كۈش ھېسابىغا تېردىقچە تۆمۈر ئېلىش»نىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. ئۇ زور يوقسىلىش، تېز يوقسى-
لىش، قارىغۇلارچە ئۆرلەشنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، بۇ كاۋاك كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپ كې-
تىۋاتاتتى. مانا ھازىرغىچە 25 يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بۇ كاۋاك تېخىچە ئې-
تىپ بولۇنمىدى. يۈجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى كۈلپەتكە پاتتى. زاۋۇتنىڭ كىشىلىرى
ئاچ - زارلىقتىن تاغدىكى دەل - دەرەخلەرنى سېرىتىپ، قوۋزاقلىرىنى سويۇپ بولدى. قۇر-
باقىلىرى كۆپىيىپ ئىشىشىپ كەتكەن، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان كىشى-

لەر ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن ئۆزلىرىنى كاردىۋاتتا تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدىمۇ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ شوئارى يەنىلا ياڭراق ئىدى.

1962 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامالسىزلىقتىن ئاتتىن چۈشۈش ئېلان قىلىندى. يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەر گويىاكى ئاسماندىن بىراقلا يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك، پېچلارنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئوتلاققا كۆچۈپ كەلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىقى ۋە زەربىسىدىن يۆجىن پولات زاۋۇتى تېخىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كاردىن چىقتى.

1981 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېت شېيۇتيەن، جاۋجۈن، ۋاڭ لەنپۇ قاتارلىق رەھبەرلەرنى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئورنىدا ئەۋەتىپ، يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى تاقاش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 2162 ئىشچى ـ خىزمەتچىسىدىن 619 نەپەر كىشىنى قالدۇرۇپ، خۇشا كۆمۈر توك سانائىتى شىركىتى قۇرغاندىن سىرت، قالغان 4800 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئالتە ئاي ئىچىدە ھەممىنى ئۈرۈمچى شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى ئىدارىلەرگە تارقىتىۋېتىشنى ئېلان قىلغانىدى. بىراق نەتىجىدە يىل ئاخىرىغىچە ئاران 242 نەپەر كىشى يۆتكىلىپ چىقىپ بولالىدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى ئىدارىلىرى تەڭشەش ھالىتىدە بولغاچقا، تېخنىكا ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىكى بار كىشىلەردىن باشقىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ھېچكىمىز ئۇلارنىڭ ئادەمنى ئېلىشنى خالىمىدى. كىشىلەر تەدرىجىي شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش يولىنى ئويلىماي بولمىدى.

يې تەيشياڭ دەل يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى دۆلەتنىڭ 15 مىليون 570 مىڭ يۈەن ئىش توختىتىش خىراجىتىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، خىزمەتكە تەيىنلىنىپ، زاۋۇت باشلىقلىق يۈكىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

ئاپتوموبىل ئاخىرى 20 نەچچە كىلومېتىرلىق تار جىلغىدىن، ئۇچۇقچىلىققا چىقتى. بۇ چاغدا يې تەيشياڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ قولىياغلىقىنى ئىزدىۋىدى، قولى قاتلاقلىق قەغەزگە ئۇرۇنۇپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز سىقىلدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر پارچە يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئولتۇراق جاي مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلات سالىقلىق ئىدى. ھازىر زاۋۇت بويىچە خەتەرلىك ئۆي ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، يەنە 15 ئائىلىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچ ئەۋلاد كىشى بىر ئۆيدە يېتىپ قوپماقتا. 160 نەچچە ئائىلىنىڭ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالاغەتكە يەتكەن پەرزەنتلىرى، ياكى بالاغەتكە يەتكەن ئاكا ـ

سىڭىل، ئاچا ـ ئىنىلار بىر ئۆيدە يېتىپ قوپماقتا. 226 ئائىلىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچى يەنىلا قاراڭغۇ ۋە زەي گەمىلەردە ئولتۇرماقتا. خېلى كۆپ ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى «ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئاندىن تۇرمۇش» روھى بويىچە ئەپلەپ ـ سەپلەپ كېيىنكىتە سېلىنغان ئۆيلەر بولغاچقا، ئۇزاق يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنماي، تامىنىڭ ھۇللىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئولتۇرۇشۇپ كاردىن چىقىپ تاملارغا دەز كەتكەن. تورۇستىكى تاختايلىرى، قومۇشلىرى بەك چىرىپ كەتكەچكە، ئىشچىلار ھەر ۋاقىت ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا ياشايتتى. ئەمما ئۇ زاۋۇت باشلىقى بولسىمۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى.

يىتەيشياڭىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدىغان تەرىپى شۇكى، يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەر شۇنچە ئاددىي ـ ساددە، ساداقەتمەن بولۇپ، ئىدارىنىڭ دەردىگە يېتىدىغانلىقى ئىدى. گەرچە ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار بىكار يېتىپ «تاقاش خىراجىتى» ئېلىشنى خالىمايتتى. گەرچە 80% مائاش بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك يەنىلا چارە ـ تەدبىر تېپىپ، پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇللىرىنىمۇ زاۋۇتقا تاپشۇرۇپ قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈشەتتى. زاۋۇت قانچە قىيىنچىلىققا قالغانسېرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر شۇنچە شىجائەتكە كېلىپ، ھەر ۋاقىت زاۋۇتنى گۈللەندۈرۈشنى ئويلايتتى. شۇڭلاشقا زاۋۇت پارتكومى پۈتۈن زاۋۇت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىگە «ساقلىماسلىق، يۆلەنمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش» چاقىرىقىنى قويغاندىن كېيىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كەلگەنىدى.

ئوتى ئۆچۈپ قالغان پېچلاردىن قايتىدىن تۆمۈر ئېرىتمىسى ئېقىشقا باشلىدى. يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تۆمۈر، توك، پارنىك، سېمونت، كاربىتا، تۆمۈر مەھسۇلات مىقدارلىرىنىڭ ھەممىسىدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. پۈتۈن زاۋۇت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغان ساپ پايدىسى 3 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە زاۋۇت يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 1981 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 50 يۈەندىن كۆپرەك ئۆستۈردى.

ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى كېڭەيتىلگەنلىكتىن، ئىشتىن توختاپ قالغان زور تۈركۈمدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر باشتىندىن ئىش ئورنىغا قايتقاندىن سىرت يەنە ئىش كۈتۈپ تۇرغان مىڭ نەچچە ياشلارمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتى.

يىتەيشياڭ ئورۇنلىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يۈزىدە ئۇزاقتىن بېرى يوقاپ كەتكەن تەبەسسۇم كۈلكىلىرىنى كۆردى. بىراق مۇشۇنداق بىر پەيتتە يۆجىن

پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بېشىغا بۇنداق چوڭ ھادىسىنىڭ كېلىپ قېلىشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقسۇن؟!

ئۇ نەگە بېرىپ كەچۈرۈم سورىمىسۇن، ئۆز قىلمىشىنى ئۆزى يۇيالمايتتى. ئۇ كۆڭلىدە تۈرمىگە چۈشۈش تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانىدى.

## تارىخنىڭ شەرەپ ئابىدىسىدە

پەقەت 1975 ـ يىلىدىن 1983 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قاراشلىق مۇناسىۋىتى بەش قېتىم ئۆزگەردى. قاراشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن بۇ چوڭ لېكىن نامرات كارخانا گۇمران بولۇشقا تاسلا قالدى. ھېچكىمنىڭمۇ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىشى ھەمدە يار ـ يۆلەكتە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. سەۋەب ئۇلارنىڭ كەسپىي بىلىملىرى راۋان ئەمەس، ئاساسلىقى خام ئەشيا كېلىش مەنبەسىنىڭ تايىنى يوق. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا كېرەكلىك بولغان مەبلەغنى ھەل قىلىشتا ئامالسىز قالغان. ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراق جاي مەسىلىسىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلىرى ھەل بولماي سۆرىلىشىپ كېلىۋەردى.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋشۇسېن، شەھەر باشلىقى ئىسمايىل مەخسۇت، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋۇرۇڭشىڭ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىغا كادىرلار يىغىنىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ:

— بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكە رەسمىي دوكلات يازدۇق. بىز يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى ئۈرۈمچى باشقۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ مالىيە كۈچىنىڭ يېتىشمىچە ياردەم بېرىشنى خالايمىز. سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بىر پۇڭ ئالمايمىز، شەھەرنىڭ مالىيە كۈچىدە گەرچە جىددىيلىك بولسىمۇ، لېكىن بىز 3 مىليون يۈەن چىقىرىپ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەشكىللىشىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدۇق! — دېگەنىدى.

چاۋاك، كۈلكە، ئالقىش سادالىرى...؛ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ مىننەتدارلىق ياشلىرى ئىختىيارسىز تارامىلاپ تۆكۈلدى. بىراق يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قاراشلىق مەسىلىسىنى شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ـ تە!

يىتەيشياڭنىڭ بۈگۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا بېرىشـ
تىكى مەقسىتى كەچۈرۈم سوراپ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولۇش، ئاز ـ تولا يولـ
يورۇق ئېلىش ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، چۈشىنىشكە ئېگە بولۇش بولـۇپ، يۆجىن
پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قاراشلىق مۇناسىۋىتى ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلـ
لىپ قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. چۈنكى قاراشلىق مەسىلىسى ھەل بولـغانـ
دىلا كەسپىي ئوبوروت يوللىرى راۋانلىشىپ كېتەتتى. ئاساسلىقى خام ئەشيا،
ئاندىن قالسا كاپالەتكە ئېگە بولاتتى.

بىراق، يىتەيشياڭ مەلۇم ئىدارىنىڭ پەلەمپىيىگە قەدىمىنى ئېلىپلا ئىككىلـ
لىنىپ قالدى. ئۇ، بۇ بىنانىڭ شۇنچە ھەيۋەتلىك ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇلار نەزەرىدە
شۇنچە ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يىتەيشياڭ ئۆزىنى تىلەمچىلىك
قىلىۋاتقان بالىدەك ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن يەنە بېشى قاتقان
ھالدا كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئىچىدە دەيدىغان ئاساسلىق گېپىنى يەنە بىر قېتىم
دەڭسەپ كۆردى. مەسىلە ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ ئىدى. ئاددىيلىقى:
كاربىنتا پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن گېدرو فوسفىد
ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشياسى بولغان ئېلېكترود سۇيۇقلۇقىغا ۋوگزالدا فوسفور كان
توپىسىنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىدىن باشقا يۆجىن كاربىنتا
زاۋۇتى ھەقىقەتەن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدا
تەنقىد قىلىنغاندەك ئۆلچەم بويىچە ئىشلەپچىقىرىش قىلمىغان. سۈپەت تەكشۈرۈشنى
تازا چىڭ تۇتمىغان، مەھسۇلاتنىڭ گۇۋاھنامىسىمۇ يوق. لېكىن بۇ زاۋۇت كاربىنتا
ئىشلەپچىقارغىلى 21 يىل بولـۇپ قالـدى. 21 يىلدىن بېـرى ئۇلار ئەزەلـدىن
مۇشۇنداق ئىشلەپـچىقىراتتى. مەھـسۇلات ئەزەلدىن ئىچـكى ئۆلكىلـەر ۋە باشـقا
رايونلارغا سېتىلىپ كەلگەن. ئەزەلدىن گۇمانى بارلىقىنى ئېيتقان ئادەم يوق ئىدى.
شۇنداقلا ئەزەلدىن ھېچكىم گۇۋاھنامە سوراپ باققىنىمۇ يوق! يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە
كاربىنتانىڭ سۈپىتىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇقىرى
تۆۋەن بولۇپ بىر ئاي تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ بالا ـ قازانىڭ يىلتىزى
ئېنىقلاندى. بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ چوڭ ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى ئىزدىشى، تەبىئىكى،
ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئىتتىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. بىر زاۋۇتنىڭ باشـ
لىقى بولغان ئىكەن، دېمەك چوقۇم مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە قاتتىق بولـ
مىغانلىقى، باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقان بولغانلىقىنى ئېقرار قىلىشى، خاتالىقىنى تو-
نۇپ جازانى قوبۇل قىلىشى كېرەك ـ تە، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇ يەنە يۇقىرىغا زۆرۈر
بولغان ئىزاھاتلارنى بېرىشنى، يۇقىرىنىڭ يۆجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ھالىدىن

خەۋەر تېپىپ قېلىشىنى ھەمدە كاربىتا پارتلاش ھادىسىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئوبېيىكتىپ ھالدا مۇئامىلە قىلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. مەسىلىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ كېتىشىدىكى سەۋەب بولسا: يېڭىلا ئۆستۈرۈلگەن مەسئۇل مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى شۇڭتيەنجۇنىڭ بىر قېتىملىق كاربىتا پارتلاش ھادىسىسىنى ئانالىز قىلىپ، كاربىتا پارتلاش ھادىسىسىنىڭ ئالتە تۈرلۈك سەۋەبى بار. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىدىن پارتلاش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىش ئىمكانىيىتى ئالتىدىن بىرنى ئىگىلەيدۇ. پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لاياقەتسىز ئاتسېتىلېن ئۈسكۈنىسىنى ئىشلەتكەن. ئۆلگەن تۆت كىشى، يارىدار بولغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر كىشىنىڭلا كەپشەرلەش ئىشچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى بولسا كەپشەرلەش ئىشىنى قىلىدىغانغا سالاھىيىتى توشمايدىغان، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن مەھبۇس. يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 21 يىللىق كاربىتا ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش تارىخىدا ئەزەلدىن بىرەر قېتىم ھادىسە كۆرۈلمىگەن. ھازىر پارتلاش ھادىسىسىنى كاربىتا سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بەكمۇ بالدۇر بولسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر شۇڭتيەنجۇنى «قارشىلىق قىلىپ خاتالىقىنى تونۇمىغان، پوزىتسىيىسى قەيسەر» دەپ تونۇپ ئۇنى قىيىن قىستاققا ئالغان، ھەتتاكى بەزىلەر ئۇنىڭغا جازا بېرىش كېرەك، دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلىپ يۈرگەن. شۇڭتيەنجۇ ئادەتتىكى قائىدە بويىچە سۆز قىلىپلا قويىدى، خالاس. بۇ نېمىشقا «قارشىلىق قىلىپ خاتالىقىنى تونۇمىغانلىق» بولسۇن؟ ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيانقى تۆت ئاي ئىچىدىلا مەخسۇس خادىم باشلاپ 20 نەچچە يىل ساقلىنىپ تېخىچە ھەل بولمىغان قالايمىقان تارىخىي ھېسابنى ناھايىتى ئېنىق ھېسابلاپ رەتلەپ چىقتى. بۇ — ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپلا يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرگە كۆرسەتكەن خىزمىتىنىڭ بىرى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زاۋۇت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭلىدە زاۋۇتنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن ھەقىقىي سان بولغان. يەنە بىرسى كاربىتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى شىۋىنجىنىمۇ چارە كۆرۈلمىدۇ، دېگەن گەپ - سۆزلەر بار. بىرئاز ناھەقلىق بولۇۋاتىدۇ. بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇشقا بولامدۇ؟ ئەگەر تۈزىمىگە كىرىشكە توغرا كەلسە ئۆزى كىرىشى كېرەك. چۈنكى ئۆزى زاۋۇت باشلىقى - دە!

يى تەيشياڭ لىۋىنى چىڭ چىشلىدى. ئۇ ئاغرىۋاتقان بېلىنى تۇتقىنىچە ناھايىتى ئاستا بىر بىناغا چىقتى.

بىر رەھبەر كەڭ ئىش ئۈستەلىنىڭ ئارقىسىدا گىددىيىگىنىچە ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇيىـاقتا ئـولتۇرغان بـىر يـاش ئۇنـىڭـغا تىكىلدى. رەھبـەر بـولـسا كۈلۈمسىـرىگىنىچە ئۇنچىقماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ياش گەپ ئاچتى:

— سىز يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ باشلىقىمۇ؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، قانداق چارىنى قوبۇل قىلماقچى؟

ئەزەلدىن ئوڭايلىقچە ئاچچىقى كەلمەيدىغان يېتەيشياڭنىڭ قورسىقى كۆپۈپ يېرىلغىلى تاسلا قالدى. بىرخىل ھاقارەت ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتتى. «سىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغۇ، مېنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىمنىمۇ ئاڭلىماستىن ۋە ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقماستىن، بۇ نېمىگەلەرنى كۆتۈرۈپ چىققىنىڭلار نېمىسى؟ 27 يىل ئۆتۈپ كەتتى. قېنى، قايسىڭلار يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ كاربىـتاسىنى باشقۇرۇپ باقتىڭلارمۇ؟ چاتاق چىقسا سىلەر چارە كۆرۈش بىلەن ئادەم قورقۇتۇشنىلا بىلىسىلەر؟!»

ئۇ «سىز نېمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسىز؟» دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا يۈزىدە زورىغا ئاز - تولا تەبەسسۇم پەيدا قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەپلەشتۈرەلمىدى. ئاۋۇ رەھبەر يەنىلا شۇنداق كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ «ئولتۇرۇڭ» دېدى.

يەنىلا بۇ ياش ئوچۇق - يورۇق ئىكەن:

— سىلەر، — دېدى ئۇ، — مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇشۇڭلار كېرەك، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى بىلەن ھېسابلاشماي ناچارنى ئەلا سۈپەتلىكنىڭ ئورنىغا قويغانسىلەر، پايدىنى كۆرگەندە كۆزۈڭلار قىزىرىپ كەتكەن. پۇل سىلەرنىڭ ئىنسابىڭلارنى يۇتۇپ كەتكەن. يەنە بۇنداق قول ئۇچىدا ئىشلىسەڭلە ھەرگىز بولمايدۇ. سىز دەرھال قايتىڭ··· قانداق چارە كۆرۈلۈشنى ئوبدان مۇزاكىرە قىلىڭلار.

يېتەيشياڭ بۇ رەھبەر بىلەن خوشلاشقاندا باش - كۆزى تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇ ئىچىدە ئۇلارنىڭ شۈكتيەنجۈنى قانۇنغا تارتىش توغرىسىدا بىرنەرسە دېمىگەنلىكى ئۈچۈن بەكمۇ خۇرسەن بولدى.

بىراق ئۇ ئۈچىنچى بىر ئىدارىنىڭ بىناسىغا كىرگەندە ئۇلار كەسكىن ھالدا:

— شۈكتيەنجۇ دېگەن بۇ ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسى بەك ناچار، چوقۇم چارە كۆرۈش كېرەك! — دېدى.

— ياق، ئۇ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، ئۆستۈرگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىغان. ئۇ تېخى ئەھۋالنى ياخشى بىلمەيدۇ.

— شۇنداقتىمۇ بولمايدۇ، چارە كۆرۈش كېرەك!

ــ ئەگەر چارە كۆرۈشكە توغرا كەلسە، ماڭا كۆرۈش كېرەك. مەن زاۋۇت باشلىقى، بىز ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرۈشتە بىخەستىلىك قىلغانلىقىمىز سەۋەبىدىن شۇنچىۋالا كۆپ ھادىسىلەر يۈز بەردى. كۆپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى. مېنىڭ كۆڭلۈم بەك يېرىم. ماڭا قانداق چارە بېرىلسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ، پەقەت يۇقىرىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم بىگۇناھ كىشىلەرگە چارە كۆرۈلمىسە.

يى تەيشياڭ سەل ـ پەل كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلغان يېرى شۇ بولدىكى، بۇ ئىدارىنىڭ رەھبىرى: «كارخانىدا ھادىسىدە بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار، سىلەر 20 نەچچە يىل كارخانىدا ساتقان بولساڭلارمۇ بىز زادى سۈرۈشتە قىلىپ باقمىدۇق، ئەھمىيەت بەرمىدۇق، بىز ئۆتكەلنى ياخشى ساقلىيالمىدۇق» دېگەنىدى.

بۇ گەپ يى تەيشياڭنىڭ يىغىسىنى ئۇلاشتۇردى، بىر ئىللىق ئېقىم پۈتۈن ئەزاسىغا تارقىدى. بۇ ئېقىم ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەشلىكنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋەتتى. ئۇ بىنادىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا پۇت ـ قولىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يەڭگىلەپ كەتكەنلىكىنى، ھەممە يېرىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

## ئاۋازسىز تارىخىي پارتلاش جازالىماقتا...

بۇ يىغىننىڭ 3 ـ نۆۋەت ئېچىلىشى ئىدى.

يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن: «ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بارلارنىڭ مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى شۇنداقلا قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى (كارخانا ھادىسىدىكى) سۈرۈشتە قىلىنماقتا».

كىم «ئاساسلىق مەسئۇلىيەتچى؟»

بۇ ــ جاۋاب بېرىش ناھايىتى تەس بىر مەسىلە ئىدى، بۇنىڭدا زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغان كىشىنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە.

لېكىن، تارىختىكى تۆھپە ۋە خاتالىقنى كىم باھالاپ چىقىدۇ؟ بۇ ھادىسە دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ دەۋرىگە توغرا كەلگەن ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇلار مەسئۇل بولماي كىم مەسئۇل بولىدۇ؟!

ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇنداق، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە بايلىقىغا ئىنتايىن ئېغىر زىيان كەلتۈرۈپ بەرگەن تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ تارىخىي ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ ئۆزىنى كەچۈرگىلى بولسۇن؟ «بولمايدۇ، بولمايدۇ» ئۇ ئىختىيارسىز ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ھازىر كۆپچىلىك 3 ـ قېتىم باش قوشۇپ ئۇنىڭغا كۆرۈلىدىغان چارىنى مۇزاكىرە قىلغىنىدا، ئۆزى بىر قارارغا كېلىۋالغاچقا ئۆزىنى تەمكىن ۋە يېنىك ھېس

قىلاتتى. ئۇ پەقەت يۆچىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ پارتىيە مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت بۇ بىر گۇرۇپپا ئادەم مېڭىبىر جاپادا تۆت يىل جان تالىشىپ گۇمران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان يۆچىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنى ئەمدىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرگەندە تۆھپە يېزىلمايلا قالماستىن، بەلكى چارە كۆرۈلسە، كۆپچىلىك ئىندىيەمەسدىن ئۆتكۈزەلمەي غەزىپى ئۆرلەپ كەتسە، ئۇنداقتا كېيىن زاۋۇت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە يەنە قانداق رەھبەرلىك قىلغىلى بولسۇن دەپ ئەنسىرەيتتى. دەرۋەقە يىغىن ئۇزۇنغىچە جىمجىتلىقتا چۆمگەندىن كېيىن، غەزەپكە كەلگەن ئاچچىق ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ــ مېنىڭ ئىندىيەمەيدىن ئۆتمەيدۇ. خىزمەتكە تەيىنلەنگىلى ئاران بىر يىلدىن ئاشتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭچىلىك جاپا تارتقىنى يوق.

ــ شۇنداق، يۇقىرى بىزنى سوپەت تەكشۈرۈشنى بوشاشتۇرۇۋەتتى، دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە يى تەيشىياڭ سوپەت تەكشۈرۈش ئورگىنىنى قۇرۇپ چىقتى.

ــ مېنىڭچە بۇ ئىشتا تۆمۈر يول مال چۈشۈرۈش ئورنىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار. ئۇلارنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

ــ 10 يىل بولدى، ھەتتاكى ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدۇق. بەزىلەر بىزنى خىمىيىۋىلىك تەكشۈرگۈچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن دەيدۇ، بىز ئۇلاردىن سوراپ باقايلى، بىزنىڭ بۇ جىلغىغا كېلىشنى خالامدىكەن؟ بىزنىڭ خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىمىزنى قالاق دېيىشىدۇ، بىزنىڭ ئەتىگەنلىك تاماق يېسەك كەچكە يوق، ھەتتا ماشىنىمۇ تارقىتالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمەيتتىمۇ؟

ئۇھ. تارتىشلار، زەردىلىك مۇلاھىزىلەر...

مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى شۈكتيەنجۇ ياش، ئاچچىقى يامانراق، مىجەزى ئەزەلدىن قىزىققان بولغاچقا، مانا ئەمدى ئۆزىنى باسالماي قالدى:

ــ مېنىڭچە يەنىلا ماگا كۆرۈلىدىغان چارىنى ئېغىرلىتىڭلار، چۈنكى مەن كاربىنتا ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولغان...

شۈكتيەنجۇ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆستۈرۈلگەن مۇئاۋىن باشلىق ماۋچىنخۋا:

ــ مەن ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل، چارە كۆرۈشكە توغرا كەلسە مېنىڭمۇ بىر ئۈلۈشۈم بولۇشى كېرەك، ــ دېدى.

ــ ...

گۇشۇدۇڭ سۆز قىلىشقا باشلىدى:

ــ ھازىر بىز مەسئۇلىيەتنى قانداق سۈرۈشتە قىلىمىز؟ بىر نەچچە كۈن

قايتا ـ قايتا ئويلىدىم. قانچە يىللاردىن ساقلىنىپ، توپلىنىپ قالغان كونا ھېساباتلىنى نېمە ئۈچۈن بىزدىن ئالىدۇ؟ بىراق مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئۆتتى. بۇ ھېساباتنى بېرىش كېرەك، بەلكى چىن دىلدىن بېرىش كېرەك. ئەگەر يۇقىرى ماڭا بىرەر چارە كۆرسە، يېتەكچىلىكنىڭ بېسىمىنى ئازراق بولۇۋېلىشقا يول قويسا، ئۆزەمنى خېلى ئازادە ھېس قىلغان بولاتتىم...

ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ كىشى ناھايىتى يەنە تۆت ـ بەش يىل ئىشلىمەيدۇ، ئۇلار ئىككىنچى سەپكە ۋە پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىز تارىخنىڭ جازاسىنى داۋاملىق ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرماسلىقىمىز لازىم. بىز بۇندىن كېيىن يەنە ئەلەم ۋە ئۇۋاللىق ھېس قىلماسلىقىمىز، يۈجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشىمىز، مەسئۇلىيەتنىڭ چوڭىنى ئېلىشىمىز، پۇرسەت بولسا 12 مىڭ يۈجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇت ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئۈچۈن ھەرخىل قۇربان بېرىشلەرنى ئىختىيارلىق ھېسابلايدىغان بولالىشىمىز لازىم. چارە پەقەت بىزنىڭ قەددىمىزنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك، مەزمۇت باستۇرىدۇ، خالاس.

يۈجىن پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ پارتىيە مەمۇرىيەت خىزمەت يىغىنى 3 ـ قېتىملىق قارارنى ھاسىل قىلدى. يەنى ـــ زاۋۇت باشلىقى يېتەكچىلىككە مەمۇرىي گۇناھ يېزىش، شىۋەنجىنىڭ كارىتا زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى كىشىگە مەمۇرىي ئاگاھلاندۇرۇش چارىسى كۆرۈش ماقۇللاندى.

**ماسلىشىش**

يېتەكچىلىك بىلەن گوشۇدۇك كارىتا زاۋۇتىنى رەتكە سېلىشقا كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ يىغىنغا كىرىپ كەلدى.

ئۇلار مەجلىسخانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ قاتار ئولتۇرۇشتى. مۇشۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئورغۇنلىغان كىشىلەر ئولتۇرۇشۇپتۇ. مانا بۇلار كارىتا ئىشچىلىرى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان 50 گىرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كارىتا پېچى ئالدىدا ئىشلەيدۇ. ئۇلار كىشىنى قىينايدىغان قويۇق ئىس ۋە چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە ئىشلەيدۇ. زەھەرلىك ئوكسىگېنلىق كىرىمنى ھاۋا بېسىمى ھەر ۋاقىت كىشىلەرنىڭ يۈرەك ۋە ئۆپكىسىگە تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كونا ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ھەر قېتىم يامغۇر ياغقاندا كۆپچىلىكنىڭ ئۆيىدىن تامچە ئاقىدۇ. ئۇلارنىڭ تورۇسلىرىدىن ئاسماننى كۆرگىلى بولىدۇ. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك ئىشلەش مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن يىل بويى ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىنى چاڭ ـ توزاڭ بېسىپ تۇرىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرى

يېرتىق ۋە كونا. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان قارا بۇلۇت ئۇچۇق ئاسماننى قاپلىۋالغاندەك ئۇلارنىڭ چىرايىدا يەنىلا بىر خىل چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

گوشۇدۇڭ سۆز باشلىدى:

— بىز دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان سالدۇق. بىز بارلىق زاۋۇت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا قاتتىق ئېچىنماقتىمىز. يىتەيشياڭ بىز ئۈچۈن چوڭ گۇناھ يېزىش چارىسىنى ئارتىۋالدى. مېنىڭچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتسا كېرەك. بۇ بىز يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 12 يىللىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن نومۇس. بىز رەھبەرلىك قىلغۇچىلار مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇنداق تراگېدىيە يۈز بەردى. ساۋاق ئېچىنىشلىق. شۇڭلاشقا زاۋۇت پارتكومى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، كاربەتا زاۋۇتنى رەتكە سېلىشنى قارار قىلدى. ھازىر زاۋۇت باشلىقىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىمىز ... — دېدى.

مەجلىسخانا جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. يىتەيشياڭ ئورنىدىن ئاستاغىنا تۇردى ئۇ خېلى ئۇزاققىچە سۆز قىلالماستىن كۆپچىلىك بىلەن جىمجىت كۆز تىكىشىپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن پىچىرلىغان ھالدا بىر ئېغىز سۆز قىلغاندەك قىلدى:—

يولداشلار، سىلەر جاپا تارتتىڭلار، مەن كۆپچىلىككە يۈز كېلەلمەيمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولمىسىمۇ، بۇ گەپنى يىغىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى. ھەممە كىشىنىڭ قەلبى تەڭلا سىقىلغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ تۇساتتىن گېلى قۇرۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئالدىدا نۇرغۇنلىغان تونۇش يۈزلەر تۇرۇپتۇ. يەنە نۇرغۇنلىغان ناتونۇش يۈزلەرمۇ بار. ئۇ چارىگە ئۇچراشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇ كۈنلەردە، بۇ نۇرغۇنلىغان تونۇش ۋە ناتونۇش يۈزلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. ئىككى - ئۈچ، بەش - ئالتە بولۇپ يولدا توسۇپ تۇرۇپ ئوخشاش دېگۈدەك گەپلەرنى قىلاتتى:

— زاۋۇت باشلىقى، سىز بىز ئۈچۈن ئازار يېدىڭىز، ئەمدى بىزنى جازالاڭ!

— زاۋۇت باشلىقى، سىز ئۆزىڭىزگە بەك ھار ئالماڭ، سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن.

بۇ سۆزلەر دائىم ئۇنىڭ يۈرەك قېنىنى ئۇرغىتىپ، كۆز يېشىغا ئايلاندۇرۇپ كۆز چاناقلىرىدىن ئاققۇزاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇغاندەك بولدى. چوقۇم يۆجىن پولات - تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنى قەد كۆتۈرگۈزۈپ، زاۋۇتنىڭ ئابرۇيىنى قايتا تىكلەش كېرەك. نامراتلىق، قالاقلىق ۋە غەم - قايغۇ، ئەندىشە دېگەننى كاللىدىن چىقىرىپ بىر ياققا چۆرۋېتىش كېرەك.

بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ كارىبىتا پارتىلىغاندىن كېيىن، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك روھى چۈشۈپ كەتتى. يۆتكىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداقتا بىز سوراپ باقايلى، بىز چوڭ-كىچىك بىر يۈز نەچچە كىشى مېڭىشقا توغرا كەلسە نەگە ماڭىمىز؟ گويا كى بىر جەڭدە مەغلۇپ بولۇپلا ئارقىمىزغا قاراپ قاچقانغا ئوخشاش، بۇ يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ مىجەزى ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنى، زاۋۇتنى ۋە ئۆزىمىزنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا پەقەت يېڭى ھايات-ماماتلىق جەڭ قىلىشىمىزغىلا توغرا كېلىدۇ.

### سەۋەنلىككە خاتىمە

يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرنى چارىگە ئۇچراش يوكى كېرەكتىن چىقىرالمىدى. يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتى كارىبىتاسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى تۈنجى قېتىمدىلا 98 پىرسەنتكە يەتكەن. كارىبىتا ئاتسېتىلېننىڭ گاز تارقىتىش مىقدارى بۇرۇنقىغا قارىغاندا 20% ئاشقان. گىدرو فوسفىد مىقدارى دۆلەت ئۆلچىمىدىن بىر ھەسسە تۆۋەنلىگەن.

يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ كارىبىتاسى بەس-بەستە سېتىۋالىدىغان مالغا ئايلىنىپ تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. كارىبىتا زاۋۇتى يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تايانچى بولۇپ قالدى،

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 مىليون يۈەن ياردەم پۇلىنى ھېسابلىمىغاندا، ئۇلار يەنە 10 مىڭ 200 يۈەن پايدا ئېلىپ داۋاملىق 23 يىل زىيان تارتىشتەك كونا تارىخقا خاتىمە بەردى.

يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىكىلەرگە كۈتۈلمىگەن توي بولدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ كىچىك زالىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۆمۈر داۋامەت يىتەيشياڭغا سەمىمىيلىك بىلەن قولىنى پۇلاڭشىتىپ:

— كېلىڭ، يىتەيشياڭ مۇنبەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، كۆپچىلىك سىزنى كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى.

ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھەرنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەردىكى ئورغۇنلىغان چوڭ ئىدارىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىماقتا.

يىتەيشياڭ:

— مەن يۆجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىكى 12 مىڭ كىشىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر رەھبەرلىرىگە بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزى خېلى نەملەنگەنىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشتىن قورققان يىتەيشياڭ

دوكلات جەريانىدا 12 مىڭ يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتلۇق ناھايىتى دىققەت قىلىنىۋاتقان قاراشلىق مەسىلىسى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمىغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىندا كەلگەن پارتىيە، مەمۇرىيەت ئىككى گۇرۇپپا كىشىلەردىن ھېچكىممۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىنى ئويلىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

مۇئاۋىن رەئىس خۇاڭ باۋجاڭ:

— يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ قاراشلىق مۇناسىۋىتى مېنىڭچە ئەمدى ئۆزگەرسە. يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتى ئىشچى – خىزمەتچىلىرىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنى قوللىشى، ئۇنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت بازىسى قىلىشى كېرەك، — دېدى.

مۇئاۋىن شۇجى جاڭ سىشۆ:

— بۇندىن كېيىن يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنى ئۈرۈمچى باشقۇرسۇن. يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىشقا بولىدۇ. يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىغا داۋاملىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللىنىپ، 1990 - يىلىغىچە يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىدىن بىر پۇڭمۇ پۇل ئېلىنمايدۇ. پۇل بولسا زاۋۇت ئىشچى – خىزمەتچىلەرگە ئولتۇراق جاي سېلىشقا، مەكتەپ قۇرۇشقا، دوختۇرخانا سېلىشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە قالدۇرۇش كېرەك. كېلەر يىلى ئەگەر ئاپتونوم رايوننىڭ پۇلى بولسا يەنە سىلەرگە ئاز – تولا ياردەم قىلىشنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ، — دېدى.

ئەڭ ئاخىرىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن:

— مەن يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتمەسلىككە قوشۇلىمەن. يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ رەھبەرلىرى خاتىرجەم ئىشلەپ ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنى بىر پولات – تۆمۈر بازىسى قىلىپ چىقىشى كېرەك.

يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى زاۋۇت باشلىقىغا بېرىلىدۇ. 1990 - يىلدىن بۇرۇن ھۆكۈمەت سىلەردىن بىر پۇڭ پۇل ئالمايدۇ. تۆت يىلغىچە مۇقىم قىلىنىپ ئۆزگەرمەيدۇ، — دېدى.

يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ پارتىيە مەمۇرىيەت ئىككى يۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دەرھال يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. غەيرىتى پەلەكتە پەرۋاز قىلماقتا. ئۇلار گويا گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، يۈجىن پولات – تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ پارلاق ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تەنھا ماشىنا

## (ھېكايە)

مۇھەممەت باغراش

تاشيول... پەۋەس بوش بوچكا بېسىلغان بىر ئاپتوموبىل گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتىدۇ. كابىنىكىدا شوپۇر ئالدىغا تىكىلگىنىچە رولنى قاماللاپ يالغۇز ئولتۇرىدۇ.

پايانسىز دەشت... چىڭقى چۈش ۋاقتى.

قاتتىلىق كۆزىدەك قىزارغان قۇياش زېمىنغا ئوت چېچىپ چەكچەيگەن. كۈچلۈك توتتا چالا كۆيۈپ، يېڭى ئۆچكەن جەسەتتەك چۈچىلا بولۇپ قىزىغان زېمىن جەنۇب قۇياشىنىڭ ئاستىدا خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپ ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان بىھوش ئادەمدەك جىمجىت، كۆڭۈلسىز ۋە بوزارغان.

قۇرۇپ قاغجىراپ ياتقان چۆلنىڭ قارىنى تىلىپ ئۆتۈپ، بىر ئۇچى ئۇپۇققا غايىپ بولغان تاشيول تونۇردەك لاۋۇلداپ كەتكەن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئاستىدا يىگانە، تىمتاس ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

كابىنكىنىڭ ئىچى تىنچىق، قاسقاندەك. ئاپتوموبىلنىڭ سۈرئىتى تېز، ئالدى تەرەپتىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شامالمۇ ئىسسىق، كېلىۋاتقىنى شامال ئەمەس، قاراماي يولىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوتلۇق ھاۋا ئېقىمى. بۇ ئېقىم ماتورنىڭ قىزىقى بىلەن قوشۇلۇپ، گويا ماگما ئاقمىسىدەك كۈچلۈك ھارارەت بىلەن كابىنكىغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلىدۇ. كابىنكا ھاۋاسىدىن قارامايىنىڭ. چالا كۆيگەن بېنزىنىنىڭ، ئۇزۇنىدىن جۇيان يېڭىلانمىغان ئاپتولىنىڭ، كۆيگەن رېزىنكىنىڭ، مايدا چىرىگەن لاتىنىڭ، كىسلاتانىڭ، بوتۇلكىدىكى ئەرزان باھالىق ئىچىملىك قالدۇقىنىڭ قاڭسىق، سېسىق ھىدى، يەنە كابىنكىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلىنىپ ياتقان ئۇزۇن پايپاقتىن كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ھىدى.

كۆنمىگەن ھەر قانداق ئادەم مۇشۇ بۇلغانغان ھاۋادا تىن ئالالماي قالىدۇ. لېكىن، شوپۇر بۇ ھاۋاغا كۆنۈك. ئۇ مۇشۇ كابىنكا ھاۋاسىدىن ئۈچ كۈن ئايرىلىپ قالسا بەدىنىدە بىر خىل نورمالسىزلىقنى سېزىدۇ — ئەت - يېنى قىزىيدۇ، قىچىشىدۇ، پۇت - قولىنىڭ بارماقلىرى كۆپچۈپ كۆيىشىدۇ، ئىچى سىقىلىدۇ، مىجەزى گاژ - گۈژ بولۇپ، ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگىنىگە ساراڭدەك ھۆرپىيىدۇ، ئۆزىچىلا بوغۇلىدۇ، چېچىلىدۇ، ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ. پەقەت كابىنكىغا چىقىپ مۇشۇ قاڭسىق ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ئىستاتورغا پۇتىنى سۇنغان مىنۇتتىن باشلاپ ئاندىن ئۆزىگە قايتىدۇ. ئارتىس سەھنىدىن چۈشۈپ، سەھنە كىيىمىنى سېلىۋەتكەندەك ئۇنىڭغا كابىنكىنىڭ سىرتىدىكى ئالەم مەجبۇرىيەت ئالىمى، كابىنكىنىڭ ئىچى ئەركىنلىك ئالىمى.

شوپۇر سېپىدىنلىككە ئۆزىنى تاشلاپ بىر قولىدا رولنى باشقۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. يولدا باشقا ئاپتوموبىللار كۆرۈنمەيدۇ. بۇنداق چاغدا رول-

نى باشقۇرۇش كەتمەيدۇ، پەقەت ئاپتوموبىلنى
يولنىڭ بىر چېتىگە توغرىلاپ رولنى تۇتۇپ
ئولتۇرۇپلا بەرسەڭ كۇپايە، ئاپتوموبىل خۇد-
دى كۆنگەن يولدا كېتىۋاتقان ئاتتەك ھېچ
ئىككىلەنمەي نىشانغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ، يول
ئەگىمىسىنمۇ ئۆزى ئۇچلايدۇ، خۇددى كۆرىدىـ
غان كۆزى باردەك. شوپۇر كۆزلىرىنى قىسقىـ
نىچە ئالدىغا تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇلـ
قىنى ياپقان ئۇزۇن چاچلىرى شامالدا يەلپۈنىـ
دۇ، ئۇنىڭ بۆرە سۆرەتلىك نېپىز كۆكـ
لىكىنىڭ مەيدە تۈگمىلىرى يېشىلگەن، يەكلىـ
رى جەينىكىگىچە تۈرۈلگەن، ئۇنىڭ
قۇۋۋەتلىك بىلەكلىرىدىن، يۇقلۇق مەيدىسىدىن،
تۈرۈم - تۈرۈم تۈرۈلگەن پېشانىسىدىن شۇقۇراپ
تەر قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ قاشلىرى ئىنچىكە ھەم
ئۇزۇن، خۇددى قىزلارنىڭكىدەك. قاڭشىرى ئېگىز
ۋە سەل مايماق، مۇشتىن شېكەسلىنىپ ساقايغان
قاڭشا. ئۇ پات - پات يىرىك لىۋىنى يالاپ
قويىدۇ، گاھىدا ئەسنەپ قويىدۇ، ئېڭىكى چۇ-
شۇپ قالغۇدەك. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خۇددى
شامالىق سايدا قىڭغىر ئۆسۈپ قالغان تالكۆـ
چىتىدەك ياكى بولمىسا قىردىكى قاراقسىز قالـ
غان كونا قوتاننىڭ قاشاسىدەك ھەممىسىلا بىر
تەرەپكە قىيشىپ ئۆسكەن چىشلىرى كۆرۈنۈپ
قالىدۇ. ئۇنىڭ چىشلىرى قارا سېرىق،
كىچىكىدە قولىنى تولا شورىغان، ھازىر بولسا
موخوركىنى قۇرۇلۇشچىلار بىناغا جا باغلىغاندەك
بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ چېكىدىغان ئادەمنىڭ چىشـ
لىرى.

ماشىنا تىنجىققا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالـ
ماي قالغان ھايۋاندەك ھۆكىرەپ كېتىۋاتىدۇ.
چاقتىن ئېقىن سۇغا چىۋىق بىلەن ساۋىغاندەك
شىپىلدىغان ئاۋاز كېلىدۇ. ئىسسىقتا ئېرىگەن
قاراماي بىلەن چاق گۈلىنىڭ چاپلىشىشىدىن
ئاجرىغان ئاۋازى. شوپۇر ئارىلاپ - ئارىلاپ
يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىپەرۋاغىنە كۆز تاشـ
لاپ قويىدۇ. ئۇيەردە، چۆلنىڭ ھارارىتىدىن قىـ
زىپ «چاس - چاس» يېرىلاي دەپ قالـغان
ساي تاشلىرى قارىيىپ تۈگۈلۈپ ياتىدۇ، خۇد-
دى دەشتتە چاڭقاپ يىقىلىپ قالـغان ئادەم
تۈگـۈلۈپ ياتقانـدەك. ساناقسىز تاشلار. ئاشۇ
تاشلارنىڭ تۈۋىدە بىر مۆجىزە بىلەن ئارىلاپـ
ئارىلاپ ئۈنۈپ قالغان جىغان، كەكرى، ئاـ
دىراسمان، قامقاق ۋە يەنە ئاللاقانداق چاتـ
قال غوللىرى، قاغجىراپ سولاشقان. ئۇلارنىڭ
تۈرقى مىيىت نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتـقان ئادەمـ
نىڭ پەرىشان، قايغۇلۇق، مەيـۇس ھالىتىنى
ئەسلىتىدۇ. قارىيىپ ياتقان تاشلار گويا جەسەت
... ئۇلار ئاشۇ جەسەتلەرگە ئېچىنىش ئىچىدە
قاراپ باشلىرىنى سىلىشىپ تۇرۇشىدۇ.

شوپۇر بارمىقى بىلەن قۇلىقىنى كوچىلاپ قو-
يىدۇ، چۇۋۇلۇپ چۈشكەن چاچلىرىنى قولـلىـ
رىنى ئارا قىلىپ تاراپ قويىدۇ. ئۇنىڭ غولى
بىلەكلىرى تالغان. كۆزلىرىمۇ تالغان. ئۇنىـڭ
كۆز ئالدىدا يىراقتا پارقىراپ تۇرغان تـىنىق
كۆل كۆمـۈشتەك يالتىرايدۇ. ئەينەكتەك سۈ-
زۈك. كـۆمۈشتەك چـاقنايـدۇ. گـۈلـلەپ -
ياشناپ تۇرغان باراقسان باغ. كۆلگە، كۆلنىڭ
قىرغاقلىرىغا سايە تاشلىغان. ئۇ يەردە يـىپەكـ
تەك ئىنچىكە، نازۇك، تىترەك ناخشا... ئۇ، مۇ-
شۇ يولدا ھەر يازدا، ھەر يىلى مۇشۇنـداق
قاتتىق تومۇزدا قانچە قېتىملاپ قاتنىغان. لېـ
كىن ئاشۇ ھايات ياشناپ تۇرغان يەرگە زادى
يېرىپ باقمىغان. ئۇ يەرگە مەڭگۈ بارالـمايدۇ.
ماشىنا سۈرئىتى ئۇنىڭغا زادى يېتەلمەيدۇ، ئەڭ
تېز ماشىنىمۇ. ئەمما ئۇ بۇ يولدا قاتنىغان مۇ-
شۇنداق سائەتلەردە ھەر قاچان كۆرۈپ تۇرىـ
دۇ، ئالقانىنى كۆرگەندەكلا...

يىراقتا، ئۇپۇقنىڭ گىرۋىكىدىلا بىر چېكىت
پەيدا بولدى. ماتور گۈكىرەيدۇ. يول يۇگۇ-

رەيدۇ، كۆزنى يۇمۇپ جىنىنىڭ بىرىچە. چېپىت زورايدى، قارا قاغىدەك زورايدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇشقاچتەك چوڭلۇقتا ئىككى قارا قىمىرلايدۇ، قوڭغۇزدەك.

ماشىنا ۋە ئادەملەر. جىپ ماشىنا. ئادەملەرنىڭ بىرسى كېلىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ قولىنى كۆتۈردى. ئەركەك. يۈك ماشىنىسى ئىككىلەنگەندەك بولۇپ توختىدى.

— جىپ بۇزۇلۇپ قالدى. جىددىي ۋەزىپە ئۈستىدىكى بىرسىنى ئېلىپ مېڭىۋىدىم. ئۇ ئارتۇقچە كۈتەلمەيدۇ. دەررۇ قايتىپ باشقا ماشىنا بىلەن جۆنىمىسە ۋەزىپە ...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېدى. جىددىي، بەك جىددىي... يۈك ماشىنا شوپۇرى جىپ ماشىنا شوپۇرىغا مەنسىتمەي تىكىلدى. بالىنى سوراق قىلغاندەك.

— نېمە چاتاق چىقتى، ئوڭشىيالمىدىڭمۇ؟

— ماي بار، توك بار، يەنە... سۇمۇ بار. لېكىن زادىلا ...

— ئەمىسە شوپۇر يوق، ئەكەل ئادىمىڭنى!

يۈك ماشىنىسى قوزغالدى. كابىنىكىنىڭ ئىچى بىردىن سالقىندىغاندەك بولدى. خۇددى باھار كۈنلىرىدەك.

شوپۇرنىڭ تامىقى قۇرۇپ كەتتى. ئۇتىلىڭ لەۋلىرىمۇ بارغانسېرى تېز قۇرۇماقتا ئىدى. ئۇ يېنىغا قاراپ قويدى. ئۇ يەردە بىر نۇر تۈۋرۈكى لوغۇلدايتتى. ئۇ ھەم ئوتتەك ئىسسىق، ھەم چىمەندەك سالقىن نۇر ئىدى، ھەم يارقىن، كۆزنى چاقىدىغان.

ماتور گۈكىرىمەكتە. تاغ، تاش، قامغاق....

ئالدى تەرەپتە بىر چىملىق. بىر راھەتباغ. مۇزدەك بۇلاق. يۇمشاق، يۇمران چىملىق. بىر پارچە سوغۇق كۆكاتلىق.

كۈن بارغانسېرى قىزاردى. ماتور چىقىرىدى، ھۆركىرىدى. نالە قىلغاندەك ئېڭىرىدى.

ئۇنىڭ ئېڭىرىشى مۇشۇكنىڭ مىياڭلىشىغا ئوخشايتتى.

تاغ. تاش. جىغان. جىغان. تاش. تاغ.

ماتور ئاۋازى...ماتورنىڭ رىتىملىق تىترەپ بىر خىلدا گۈكۈرەپ تۇرغان ئاۋازى. جۇشقۇن، شوخ ناخشا. يۈزلىگەن ئاياغ تىۋىشى. ھەممىسى مودىلىق ئاياغلار، سىپتە. تار ۋە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلار...بۇ ئاياغنى كىيگەنلەر ۋاقتتىن ئىتتىك، يىلدىن، ئايدىن، كۈندىن، سائەتتىن ئىتتىك...ئۇلار ھارمايدۇ...قىزىل، يېشىل، كۆكۈش، سۆسۈن، زەڭگەر، ئاق، سېرىق، بىر - بىرى قوغلىشىدىغان شولىلار ... شولىلار، شىلتىڭگەن قېلىچتەك بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى يەڭگۈشلىنىدىغان رەڭلىك شولىلار. ئاياغلار. جۇشقۇن، شوخ ناخشا ... ئاياغلار ...

ئۇچقان قاش، چۆۋۈلگەن چاچ. سۇدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ بېشىنى تىك تۇتۇپ يېنىچە سىلكىنتمە يۈرۈشتە كېتىۋاتقان يىلانلار. چاقمايدۇ. ئەسەبىي. قىزغىن ئۇنتۇغاق. ناخشا ... كومزەك يېپىلغاندەك، تەرلىكە تاش سۇپىغا تاشلانغاندەك ياڭرايدىغان پائۇزا...چىرايى تاتارغان، مۇزدەك تەر باسقان، كۆزلىرى چەكچەيگەن يۈرىكى ئاجىز ئادەم...ناخشىلار...ناخشىغا ئوخشايدىغان ناخشىلار...

ماتور گۈكىرەيدۇ. چاقلار شىرقىرايدۇ.

تاغ...تاش. ساي...تاغ دۆمبەللىرى ئەمچەككە ئوخشايدۇ. قىزنىڭ، ياش قىزنىڭ چىڭ، تولۇق كەلگەن ئەمچىكىگە ئوخشايدۇ. ئوتلۇق قۇياش قىزنىڭ مەكزىدەك سۈزۈك ۋە قىزىل. يول، ئاشۇ ئەگىم - ئەگىم يول، بايىقى دۆمبەللەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدۇ. خۇددى قىزنىڭ تومۇ، بىر تال ئۆرۈم چېچى ئۇنىڭ ئەمچىكىنىڭ ئۈستىدىن سىيلىنىپ، تاشلىنىپ تۇرغاندەك. ماشىنا ئاشۇ دۆمبەلگە يامىشىۋاتىدۇ. كۈچ بىلەن، ھۆركىرەپ، ئەسەبىي ھاياجاندا يامىشىۋا-

تىدۇ. قىزغىن تىترەك، ئۆمۈر، قورقۇنچ ئىچىدە هاسىراپ - هۆمۈدەپ، تەرلەپ - تەپچىرەپ يامىشىۋاتىدۇ...شوپۇر هېچنەرسىنى بىلمەيدۇ. هېچنېمىنى بىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۇنىڭ بويىنىدىن، غولىدىن، مەيدىسىدىن تەر قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يۇمران ساقال - بۇرۇتى هۆللەندى. زېمىن سىڭايان بولدى. قۇياش تېخىمۇ قىزاردى. ئاسمان تىترىدى. ماشىنا تىترىدى...مۇشۇك، يەنە مۇشۇكنىڭ مياڭلىشى ئاڭلاندى...

يول چاپماقتا. يەنە تاغ، تاش، ئەمەن...

قۇم بارخانلىرى. قىزىق، دوپ - دوملاق، سىلىق، يۇمشاق قۇم بارخانلىرى...

شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى. ئۇنىڭ قولىدا كۈلۈچ بار ئىدى. كاپۇتنى ئاچتى. مۇكچەيدى.

— ماشىنا بۇزۇلدى، — غۇدۇڭشىدى ئۇ، — خۇددى هاۋا بۇزۇلغاندەك، ئىچىم سۇرۇلۇپ كېتەكەندەك هېچ سەۋەبسىز، ئۇشتۇمتۇت. بۈگۈن چۆلدە تۈنەيمىز......

ئۇ، ئەتراپقا كۆز تىكتى. كۆك كېچە. غىلتاڭ ساي. زېمىن هاسىرايدۇ. تاغلار سۈزۈلىدى...دۈك - دۈك. دۈك. تومۇردىكى قاننىڭ شاقىرىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى. ئۇ قولىدىكى كۈلۈچنى تاشلىۋېتىپ، كابىنكىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى-دە، ئىشىكنى زەرب بىلەن ئېچىپ ئۆزىنى ئاتتى...خۇددى دالىدىكى كەكلىكنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىغاندەك. گۈل دەستە. نۇر. قۇم بارخانلىرى. بۇلاق. چىمەن. مۇشۇك... دۈمبەل...يول...تەر...ئىنچىق...تىرناق...مۇشۇكنىڭ، ياق تۇتقۇنلۇققا باش ئەگمىگەن ياش كۈچلۈك چىشى بۆركۈتنىڭ تىرنىقى.

ئۇ تىركەشتى. تەرلىدى. پۇشۇلداپ - پۇشۇلداپ قاقىلدى. خۇددى هايۋان، ئۆزىنىڭ ئۆلجىسىغا چىش سالالمايۋاتقان هايۋاندەك. ماشىنا دۈمبەلگە، قۇم بارخانلىرىغا چىقالمىدى.

ئۇ هۆركىرىدى. چاقى قۇرۇق چۆگىلەيتتى... غالجىرانە ئەسەبىيلىكتە قۇرۇق پىقىرايتتى...

شوپۇر بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يالىڭاچ، تەردىن ئىپلاسلانغان مەيدىسىگە قاپقارا، سۇر پولات، كىچىككىنە، كىچىككىنە، مۇزدەك سوغۇق قاتتىق بىر تۆشۈك توغرىلانغانىدى. ناگان، «54». قورسىقىغا قاتتىق بىر پەشۋا تەگدى. ئۇ، كابىنكىدىن ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. خۇددى ئېگىزدىن تاشلانغان ئەسكى چاپاندەك.

— تۇر ئورنۇڭدىن، رولغا چىق!

شوپۇر ئۆمىلەپ تىزلاندى. ناگان، چېكىگە توغرىلانغان. كۆپ - كۆك، سۈرلۈك، سوغۇق تۆشۈك.

شوپۇر پولكىغا تايىنىپ ئۆرە بولدى، ئۇنىڭ پۇت - قولى تىترەيتتى. كۆزى ئالايغان. ئۆلۈۋاتقان هايۋاندەك. لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلدايتتى. قىش كېچىسىدە توڭلانغان ئىتتەك.

— رولغا چىق!

شوپۇر يۈگۈرۈپ، مۈدۈرۈپ - چۈقۇرۇپ رولغا چىقتى. ئەسىرنىڭ غەزىپىدىن قورققان مالايدەك، خوجايىنىدىن كاچات يېگەن دىدەكتەك.

ستاتورنى دەسسىدى. «گۈر - ر...»

— هېلى ماشىنا بۇزۇلدى دېۋىدىڭغۇ؟

— قورقۇپ كەتسە، بۇزۇق ماشىنىمۇ ساقىيىپ قالىدىغىنىنى ئەمدى بىلدىم...

ماشىنا قوزغالدى. ماتورنىڭ ئاۋازى ئاجىز ئىدى. ئۇ بايىقى قۇدرەتلىك هۆركىرەشتىن قالدى. گۈلشىتىلىدىن پات - پات پارتلاش ئاۋازى كېلەتتى. ماتور كىلاپانلىرى ئايانچلىق چاكىلدايتتى. بىراتور پات - پات بوغۇلاتتى. بىر رەھىمسىز ۋە ئامبۇردەك كۈچلۈك قول بوغۇۋالغان ئادەمنىڭ گېلىدەك. يۈك ئېغىر ئىدى.

ماشىنا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن تىترەپ، رام ئېگىلگەندەك بولدى. خۇددى روھىي دۇنياسى ئاجىز ئادەم ۋەھىمە ئىچىدە تىترىگەندەك.

ناگان، ئاي يورۇقىدا يېشىل يالقۇندەك يالتىراپ تۇرغان كۆكۈش پولات.

تاغ، تاش، ئەمەن توپىلىرى. ھەمىشىلا «پۇۋ» دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان ئاجىز كۆلەڭگىلەر. چاقلار بايىقىدەك شىپىلدىمايدۇ، ھەممىلا چاق تەڭلا يەل قويۇۋەتكەندەك.

يېزا باغلىرىنىڭ چۈشكە ئوخشاش كۆلەڭگىلىرى. خامانلار، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەلپىكىدەك. پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ روجەكلىرىدە پىلىلداپ يانغان چىراغ نۇرلىرى، خۇددى قەبرە بېشىدىكى ئاجىز نوكچا.

كېچىدىكى جەنۇب شەھىرى، يېرىم يورۇق، گىرىمسەن. يېڭى يېزىق ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىنغان قېرى دانىشمەن. ساقىلى قىرىۋېتىلگەن مۇنەججىم.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز سۇۋادان. ئۇنىڭ ئۇشۇقىدا قاغجىرىغان، يېرىلغان، قاراماي بىلەن سۇۋالغان سىم تاناپ تۈۋرۈكى. چىراغ شەھەر يولىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

— ئوڭغا!

داغدام يول. غۇۋا چىراغ.

— سولغا!

يورۇق چىراغ. تار كوچا.

— توختا! — شوپۇر تۆمۈر دىشاتكىلىق دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن بېشىنى ئېلىپ كىردى. ھاڭ. چوڭقۇر، قاپقارا ھاڭ، قاراڭغۇ كامىر.

ئۇ، خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— يان تەرەپكە، ئارقا بىناغا!

شوپۇر ئۈنچىقماي بىنانىڭ يان تەرىپى بىلەن خىزمەت بىناسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى.

دېرىزىلەردە چىراغ نۇرى پارلاپ تۇرىدۇ. بىنانىڭ ئۈستىدە تېلېۋىزور ئانتېناسى. ھەممە ئۆيدە رادىئو، مۇزاتنىڭ شوخ كۈيى:

— بىرىنچى كۋارتال

ئۇ، باسقۇچلاردىن كۆتۈرۈلدى. 3 - قەۋەت، ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي.

— ئاھ، قىزىم! قايتىپ كەپسەنغۇ!

ئۇ يانغا ئۆتۈپ تۇردى.

— چۆلدە ماشىنا بۇزۇلۇپ، ماشىنا توسۇپ قايتىپ كەلدىم... سەھەردە دەررۇ قوغلاپ يېتىمەن!

— قېنى، ئۆيگە...

ياسىداق ئۆي، كىنودىكى ئۆيلەردەك. راسا ئىسسىق سۇ. ئاپئاق لۆڭگە. شوپۇر ئۆزىنى بىلىپ - بىلمەي يۇزىنى يۇدى. ئاپىدىيان، قارامۇچ، قوينىڭ قۇيرۇقى لەيلەپ تۇرغان ئۈگرە. ھاردۇق ئېشى. ئۇ ئاشنى ئىچتىمۇ، ئاش ئۇنى ئىچتىمۇ.

— مانا، يۇيۇۋېدىڭىز ئاقىرىپ قالغاندەك بولدى. كۈندە يۇيۇڭ!

— خوش!

شوپۇر بېشىنى كۆتۈرمىدى، ئايىغىنىڭ ئۇچىغا تىكىلدى. ئايىغىنىڭ ئۇچى ئاقارغاندى.

— خوش!

شوپۇر كابىنكىغا چىقتى. كابىنكا كۆزنىكىدىن ھېلىقى بىناغا، ھېلىقى كۋارتالغا، ھېلىقى دېرىزىگە قارىدى. دېرىزە، نۇرلۇق، كۈچلۈك، داغدام، قىزغىن. خىيالچان شوپۇر كابىنكىنىڭ ئىچىنى تازىلىدى.

بوتۇلكا. پايپاق. قىزلارنىڭ چىرىگەن لاتىسى. گازىر. خۇاسىڭ، دەسسەلگەن.

سۇپۇرگە يوق ئىدى. ئۇ نەرسىلەرنى شەپكىسىگە قاچىلاپ يىراققا، يولنىڭ چېتىدىكى ئەۋرەز ئېرىقىقا ئاپىرىپ تۆكتى. ئۇ «ئۇھ» دېدى.

يەنە دېرىزىگە قايرىلىپ قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ... ئىككى تال قەترە دومىلاپ چۈشتى. بۇلغانغان، دۇغلانغان، پاسكىنا ...

87 - يىلى 12- ئاي، ئۈرۈمچى

# جىرتەك①

## (ھېكايە)

ئالىم موقىيىت

ئۇ قاۋاقخانا تېمىغا يۆلىنىپ، قولىنى گىرەلەشتۈرگىنىچە ئىككى تىزىغا، بېشىنى قولىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغان كىشىدەك دائىم بىر خىل ھالەتتە ئولتۇراتتى (مۇبادا كىشىلەر ئۇنى كېچە ياكى گۇگۇمدا ئاشۇ تۇرغان ھالىتىدە كۆرسە ئۇنى بىر جان ئىگىسى ئەمەس، بەلكى تام تۈۋىگە تىكلەپ قويغان قورام تاش بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان بولاتتى) ھەر قېتىم بىرەر ئىش بىلەن بازار ئارىلىغىنىمدا مەن بۇ گۇدىراھنى ئاشۇ بىر خىل ھالەتتە ئۇچرىتىشىپ «بۇ كىم ئۆزى؟ قەلەندەرمىدۇ؟ قەلەندەر بولسا نېمە ئۈچۈن تىلەنمەيدۇ؟ ھاراق كارىدىن چىققارغان ئالكوگولمىدۇ؟ ئالكوگول بولسا ھېچقانداق مەستلىك ئالامىتى يوققۇ؟!» دېگەن ئويدا ھەيران بولاتتىم. مېنىڭدىكى بۇ ھەيرانلىق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىگە ئايلاندى. بىراق: كىشىلەرگە ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان ئىچكى سىرلىرى دەردمەن قىلىۋەتكەن ئىبۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ بىر نەرسە بىلمەك بەكمۇ تەس، شۇڭا ئالدى بىلەن مەن ئۇنى تەپسىلى كۆزىتىپ، سىر ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىرەر يوچۇقنى تاپقاندىن كېيىن ئاندىن سۆزلىشەي دېگەن قارارغا كەلدىم-دە، دەم ئېلىش كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

مەن خۇددى بىرسىنى ساقلاۋاتقان كىشى قىياپىتىدە ئۇنىڭدىن يەتتە-سەككىز قەدەم نېرىدا تۇردۇم ۋە ئاندا-ساندا ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتىم. ئۇ، ئادەمنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قىمىرلىماس ئىدى. بەزەن-بەزەن، ئۇنى تىلەمچى دەپ ئويلاپ قالغان ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ تىيىنلىرى ئۇنىڭ تىزلىرى ئارىسىغا چۈشۈپ قالاتتى. ساخاۋەتلىك كىشىلەر ئۇزاپ خېلىدىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي، قاپ-قارا كىر قوللىرى بىلەن ھېلىقى تىيىنلارنى توپا-توزاڭلىرى بىلەن قوشۇپ يىغىپ ئالاتتى-دە، يانچۇقىغا سالاتتى. بىر چاغدا چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، ئاددىي لېكىن پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن بىر ئايال كەلدى-دە، ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇپ ئون يۇەنلىك پۇلدىن بىرنى ئۇنىڭ تىزلىرى ئارىسىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. «ئەھۋالىدىن، پۇلغا شۇنچە مۇھتاج بولۇۋاتقان ئاشۇ ئادەم تىيىنلارنىڭ زىل جاراڭلىشىنى ئاڭلاپ، ھەپتىلىك خىراجىتى ئۈچۈن بىمالال يەتكۈدەك ئون يۇەنلىك پۇلنى كۆرۈپمۇ نېمە ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرمەيدىغاندۇ؟! ئۇنىڭ چىرايىدا كىشىلەرگە كۆرسىتىشتىن ھېيىقىدىغان ئەيىبى بارمىدۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالدىم. مەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزىقىشتىن يۈزىگە بولغان

① جىرتەك — كۆڭلى قارىلىق قىلغۇچى، باشقىلارغا يامانلىق قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com

قىزدىقىش كۆچەيدى. لېكىن ئۇ تېزى ئارىسىدىن بېشىنى چىقارمايتتى.

ئالاھىزەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى-دە، بۇرۇلۇپلا قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىنى تولۇق كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن ئارقىدىنلا قاۋاقخانىغا كىردىم. ئۇ بايىقى تېمىنلارغا يۈز گىرام هاراق ۋە پىشۇرۇلغان تۇخۇمدىن بىرنى ئالدى. مەنمۇ ئەللىك گىرام هاراق ۋە بىرنەچچە تۇخۇم بۇيرۇتقاچ پوكەي يېنىغا كەلدىم-دە، ئۇنىڭ چىرايىنى تولۇق كۆرۈپ ئالدىم: ئۇنىڭ چىرايىدا تىگىرقىشدەك ئەيىب يوق ئىدى. پەقەت ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ياشاڭغىراپ: چوپاق قايناپ تۇرغانلىقى، تېرە رەڭگىنىڭ ئىچكۈلۈكتىن قارىداپ كەتكەنلىكى، سول مەڭزىدە زەخملەنگەندە پەيدا بولىدىغان ئۆششۈق رەڭگىدەك كۆككۆچ مەڭنى هېسابقا ئالمىغاندا نۇقسانسىز چىرايلاردىن ئىدى.

ئۇ پىيالىسىنى بوشاتقاندىن كېيىن خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى ۋە مەيپۇرۇشقا قاراپ تۇرۇپ:

ئەي ساقى، ئىچسەم بىر كاسا مەي،
شاهمەن ئۆزەمچە: خىردۇمنى بىلمەي.
مەي ساتقان ياماققا شەن ئالساڭ بىر بۆك،
مەن ئىچىپ شارابنى شاهى تاج كىيەي.

دېگەن نەزمىنى ئوقۇدى ۋە ئارقىدىنلا:

— قانداق، لوخەن يارامدۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى. مەيپۇرۇش چۈشەندىمۇ، چۈشەنمىدىمۇ ئەيتاۋۇر بۇ، رومكا لىۋىدىن شادلىنىپ، كىشلەر تەرىپىدىن خارلىنىپ قالغان كونا خېرىدارغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئوقۇغان نەزمىسىدىن ئۆزەمگە ياخشى بىر مىلىكە تاپقان ئوخشايمەن. دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا ئۇ سىرتقا قاراپ ماڭغان ئىدى.

قىزدىقان ئىشىمغا كاندەك چاپلىشىپ ئالىدىغان ئادىتىم بولغاچقا، ئۇنىڭ كەينىدىن قەدەم بېسىپ چىقتىم ۋە يېقىندىن ئۇشلاپ بىر چەتكە تارتتىم:

— مەن بىر ئىش بىلەن سىزگە هاجەتمەن بولۇپ قالدىم، — دېدىم (دەرهال تىلىمغا كەلگەن سۆزمۇ شۇ ئىدى) ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قورقۇپ تىكىلىپ قالدى ۋە بارغانسېرى شۈمشىيىپ بېشى ئىككى مۈرىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، خۇددى مېنىڭ مۇشت ئېتىشىمدىن ئېهتىيات قىلىۋاتقاندەك مۇداپىئە هالىتىدە ئىدى. مەن شۇئان «ئاه بىچارە! يۈۋاشنى بوزەك قىلمىساق ئۇۋالغا قالىمىز، دېگەنلەر بۇنىڭغا ناهەق زۇلۇم سېلىپ يۈرەك ئالدى قىلىۋېتىپتۇ-دە؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ خۇددى سانىڭ قولىغا چۈشكەن چۈجىدەك تىترەيتتى. مەن:

— قورقماڭ، مەن سىزگە بىكاردىن-بىكار ئازار بېرىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس. يېقىندا بەخت ئامىتىم كېلىپ ئازراق پۇلغا ئېرىشىپ قالدىم. شۇنىڭ خوشۇر-زاكىتىنى سىزدەك غېرىپ-غۇرۋا بىچارىلەرگە ئايرىماقچىمەن، جاهان توقچىلىق بولۇپ كەتسە نەزىرىمنى يەيدىغان ئادەم يوق. قاراڭا هاجەتمەن بولۇپ قالغىنىمنى، ئاشپۇزۇلدا تاماق يېيىشىپ بېرىدىغان، هاراققا ئۆلپەت بولىدىغان ئادەم تاپالماي قالغىنىمنى، — دېدىم ئىلتىجا تەلەپپۇزى بىلەن. ئۇ مېنىڭ سەمىمىي ۋە مۇلايىملىق بىلەن دەۋاتقان سۆزلىرىمگە ئىشەندى بولغاي قەددىنى رۇسلىدى.

مەن ئۇنى تامىقى ئېسىل، مۇگدىشىشقا ئەپچىل ئىككى خانىلىق ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردىم. ئۇ ئاشپۇزۇلنىڭ ئىنتايىن خالى بولغان ئىچكىرىدىكى خانىسىدا ئولتۇرۇپمۇ ئەتراپىغا ئەنسىز قاراپ قوياتتى. مەن ئۇنى سۆهبەتكە

جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن سو-
ئال سورايتتىم. ئۇ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ
بىر چاغدا:

ـــ سىز هاراق ئىچمەيدىكەنسىز ـ هە؟ ـــ دەپ
سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى دەر-
هال چۈشەندىم ـ دە، كۈتكۈچىگە ئالىي دەرىجى-
لىك هاراقتىن بىر بوتۇلكا ئەكەلدۈردۈم. ئۇ،
بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغىلا پىيالىسىنى
ئۇزاتتى. يېرىم پىيالە قۇيۇپ سۇندۇم. ئۇ پىيا-
لىنى قولىغا ئېلىپ، ئەتراپىغا قاراپ قويدى ـ دە،
ئۆمەر هەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىسىنى ئوقۇدى:

مەي ـ بالقىغان ياقۇت، كوزىسى كاندۇر،
قەدەهى بەدەندۇر، شارابى جاندۇر.
ياقۇتتەك بۇ قەدەه مەيدىن خەنداندۇر،
كۆز ياشتۇر، دىل قېنى ئۇندا پىنهاندۇر.

مەن، ئۇ ئوقۇغان رۇبائىدىن خېلىلا زوقلاندىم
هەمدە ياخشى بىر مۇڭداش تېپىپتىمەن، دەپ
خۇرسەن ئىدىم ۋە ئۇنىڭ ئۆز كەچۈرمىشلى-
رىگە ئالاقىدار ئاجايىپ هېكايىلىرىنى ئاڭلاش-
قا تەقەززا بولۇپ، سۆزنى ئۇنىڭ غەلىتە
قىلىقلىرى توغرىسىدا باشلىدىم:

ـــ بۇرادەر، بايا مېنىڭدىن بەكلا چۆچۈپ
كەتتىڭىز. ئەهۋالدىن قارىغاندا بەزىلەر سىز-
نى بەكلا بوزەك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ
پەرەز قىلىشىمچە سىز ياپ ـ ياش تۇرۇپ ئۆ-
زىڭىزنى تاشلىۋەتكىنىڭىز ئۈچۈن كىشىلەر سىز-
نى بوزەك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. چۈنكى، هەر-
كىم ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆزى قىلمىسا،
ئۆزگە قەدىرلەمدۇ؟ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن،
سىزنىڭ بۇ هالەتتە ئەمەس، زېمىنگە دەسسەي-
مۇ، ياكى ئۇچايمۇ، دەپ يۈرىدىغان چاغلىرىڭىز.
ئۇ هاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ئاۋ-
ۋال ئاغزىنى، ئاندىن كۆزىدىكى چوپاقلىرىنى
سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن:

ـــ توغرا، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بۇ ئادەملەرنىڭ
دىلىنى خۇدايىم قاچانمۇ يۇمشىتاركىن، مېنى
تونۇپ قالسىلا ئۇرىدۇ، تۈكۈرىدۇ، تېخى ئۇ-
نى ئاز دەپ شۇملارغىمۇ ئۆگىتىپ قويغانىمى-
كىن تاش ئېتىپ ئارام بەرمەيدۇ.

ـــ هېچكىمگە ئازارى يەتمەيدىغان سىزدەك
بىچارىدە نېمە ئۆچى باردۇ خەقلەرنىڭ؟
دېمىسىمۇ بەزى تەلۋىلەر يۇۋاشنى بوزەك ئې-
تىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، ـــ دېدىم مەن ئۇ بىچارىگە
ئېچىنىپ، ئۇ بوتۇلكىغا تەلمۈرۈپ قاراپ قوي-
دى. مەن يەنە يېرىم پىيالە قۇيۇپ بەردىم.
ئۇ پىيالىدىكى هاراقنى بىرلا سۈمۈرۈپ قۇرۇ-
داپ قويدى ۋە تەخسىدىكى پاخلان گۆشىنى
پاسكىنا قوللىرى بىلەن تىتىپ ئاغزىغا سالدى ـ
دە، قوۋۇزلىرىنى كۆپۈرۈپ چايناپ تۇرۇپ:

ـــ ئاكا، ئادەمنى دەرد سۆزلىتىدۇ. هېچكىمگە
دەرد ئېيتالمايمەن. سىزگە بولسىمۇ ئېيتىپ
يېنىكلەپ قالاي. مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزەمنى
تۆتىنىڭ بىرى، دەپ يۈرىدىغان يىگىت ئىدىم
دېسىلە، ئوت دېسە پەرۋانىدەك، سۇ دېسە
بېلىقتەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، قىز دې-
سە كۆيۈپ تۇرىدىغان. بىراق... ـــ دەپ توخ-
تاپ قالدى. ئۇ قوللىرىنى پېشىگە سۈرتىۋېتىپ،
تەخسىدىكى ئۆزى غاجىلاپ بولغان تۆش سۆ-
ڭىكىنى ئالدى ـ دە، كۆمۈچەكلىرىنى چاينا پ
تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ بەزى ئاغى-
نىلەر ۋاي مىللەت، ۋاي دۆلەت، جاهان قاڭ-
داق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلنى بىر ـ بىرىگە
دۈشمەن قىلىۋەتتى، بۇنىڭدا بىر قارا قول
بار دېسە، مەنمۇ قوشۇلۇپ ئۇلاردىن بەكرەك
سەكرەپ كېتىپتىمەن. جۇڭگۇغا خەت يازايلى،
دېيىشىدى، كاتىپلىق قىلغىنىم بار. بىلمىدىم،
هېچ ئىشتىن هېچ ئىش يوق قولغا ئېلىندىم.
تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنكى پۇشماننى بىر دې-
مەڭ، ئاكا، جاهان ئوڭ بولسا ماڭا نېمە زې-
يىنى؟ تەتۈر بولسا نېمە زىيىنى؟ بىر تەرەپ-

uyghurkitap.com



تىن، سىگەن نىنىنى يىمەي ھـۆكۈمەتكە پۈت
ئاتقان ھېلىقـى ئاغىنىلەرگە ئاچچىقىم كېلىدۇ،
بىر تەرەپتىن ئۆزەمنىڭ ياش ھاياتىغا ئېچـ
نىمەن. مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرەتتىم، دېـ
سىلە ئاكا، ئۇ بەك چىرايلىـق قىزدى جۇمۇ،
لېكىن ئۇ تەكلىپىمگە جاۋاب بەرمىگەن. شۇنـ
داق بولسىمۇ ئۈمىدىم باردى. مەن بۇ يەردە
چىرىپ كەتسەم مەن ئەقىدە قىلىۋاتـقان قىزغا
نەدىـكى بىر رودۇپاي، بولۇمـسىز ئىگە بولۇپ
قالسا ... — ئۇ ئالدىراپ يېگەن تاماق، تاقا ـتۇـ
قا سۆزىگە ھاسىراپ قالدىمىكىن، بىر ئاز ھار ـ
دۇق ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — چىد ـ
دىمىدىم، تۇرمىنىڭ ئازابىغا، شۇ قىزنىڭ پىـ
راقىغا، دوستلىرۇمنىڭ يـۈزسىزلىكىگە چىدىمىـ
دىم، ئۇلار مېنى دەي ـ دەيگە سېلىپ قويۇپ،
ئۆزلىرى كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ، مەشرەپـ
تە، مەن بۇ يەردە ئاپتاپ نورمىلىق ھەسرەتتە
نەدە شۇنـداق ئاسان ئىش بارـكەن! ئۇـ
نىڭ ئۈستىگە بىرەرسى كېلىپ يوقلاپمۇ قويـ
مىدى. تىڧـۇ! — ئۇنىڭ قويۇق بەلغىمى يەرـ
گە چۈشمەي سوزۇلۇپ بېرىپ مەيدىسىگە چاپـ
لاشتى. ئۇ مەيدىسىدىكى بەلغىمىنى يېڭـى بىـ
لەن ئۆز ئورنىغا سۈركەپ بىر تەرەپ قىلغانـ
دىن كېيىن، — خىيال، خىيال، تۈرمىدە خىيالدىن
باشقا قىلىدىغان ئىش بولـمىغاندىكىن تۈرلـۈك
خىياللار بىلەن تـۈگىشىپ كېتىـۋاتىمەن. ئۇـ
نىڭ ئۈستىگە، خۇدايىم ئەزىز بەنـدىسىگە ئۇ
يەرنى كۆرسەتمىسۇن، ئىشىكنىڭ قولۇپى «شىـ
رىق» قىلسا ئادەمنىڭ يۈرىكى «جالاق» قىـ
لىدىكەن. ئۆزەم نەدە ـ يۇ، يۈرىكىم يەردە.
ئىشىكنى شامال تىرىقلاتسىمۇ ئادەم خېلى قورـ
قىدىغۇ؟ جېنىمىزغا چەك تاشلاپ قويغان ئۇنـ
داق يەردە كۈندە نەچچە ئۆلۈپ تىرىلىدىكەن.
شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى سوراققا ئېلىپ چىقـ
تى. پۇت ـ قولۇمدا جان يوقتەكـلا، ئىككى پۇـ
تۇم لاكاسلاپ قاپتۇ. ئىككى گىزىندىپاي ئىككى
قولتۇقىمدىن يـۆلەپ ئەچىقـتى. سوراقچىلارغۇ
بەك سىلىقكەن، ئۇلار ماڭا راست گەپنى ئېيتـ
تى: «... بىز ھەممىنى ئېنىقلىدۇق. سەن يامان
غەرەزلىك ئادەملەر تەرىپىدىـن ئالدىنىپسـەن.
لېكىن سېنىڭدىكى مەسىلىمۇ ئانچـە يېنىك ئەـ
مەس. لېكىن قايـمۇققانـلارغا چىقىش يولـىنى
تېپىش ئۈچـۈن پۇرسەت يارىـتىپ بېرىـمىز.
سەن مۇشۇ پۇرسەتـنى غەنىمەت بىـلىشىڭ كېـ
رەك. ساڭا ئۇۋال قىلغان دۈشمەنلەر بىزگىمۇ
دۈشمەن...» دېگەندەك جىق گەپلەرنى قىلدى.
راستىنى ئېيتسام كۆڭلۈمدىكى گەپـنى قىلدى.
مەن ئويلىغاننى ئۇلارمۇ ئويـلاپتۇ. خۇدايىمـ
نىڭ بەندىسىگە بەرگەن ئۆمرى چاغـلىق دېـ
سىلە، ئاكاۋاي، سادىر سوققان جان بارمۇ جاـ
ھاندا يامانلىقى ماڭا، ئامانلىقى ئۇلارغا. شۇـ
نىڭ بىلەن ئىتنىڭ كۈنىنى كۆردى ئۇ گۆيلارـ
مۇ! خىخ...خىخ...خىخ...! — ئۇ كۆزلىرىـدىـن
ياش چىققىچـە سىلكىنىپ — سىلكىنىپ كۈلـدى.
مەن ئۇنى كۆزەتكەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم
شادلانغىنىنى كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ كـۈلكىسـىنى
توخـتىتىپ ماڭا قاراپ قويدى. بۇ — ھاراقتىن
قۇيامسـەن؟ دېـگەن ئىشارىـسى ئىدى. مەن
بۇ گۇمراھنى چـۈشىنىپ، سـۆھبەتتىن زوقۇم
كېتىۋاتـقان بولسىمۇ ھـاراقتىن يېرىـم پىيالە
قۇيۇپ بەردىم. ئۇ ھـاراقنى بىر ئوتلاپ قوـ
يۇپ، مەن تېخى چـۈكا تەككـۈزمىگەن گۆش
قورمىسىنى، تەخسە بىلەن ئاغزىغا ئاپاردى ـ دە،
چۈكا بىلەن ئىتتىرىپ يېرىـمىـنى بوشاتـتى ۋە
تەخسىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ:

— ئاكا، سىزمۇ يەڭا، سەت بولدى جۇمۇ، ـ
دېدى.

— ئېلىۋېرىـڭ، مېنىـڭ قورسىقىم توق،
تەڭ يېمەيدىـغان تاماق، بىلـلە تارتمايدىـغان
دەرد بولىدۇ. سىزدە... ھەممىنى تەڭ كۆرىمىز

دەيدىكەنسىز - دە؟ — دېدىم مەن.

— ھەي... ئاكا، ئۇ قىز بەك چىرايلىق جۇمۇ، — دەپ سۆزنى باشلىدى ئۇ يەنە — ئۇنىڭغا بەك كۆيەتتىم، مەن شۇنى دەپ چىقتىم، ئۆيگە كېتىۋاتىمەن! پەرزاتىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن! ئاپامنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىشلىرىنى ئويلاۋاتىمەن! ھېلىقى چىرايلىقىمنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە قەدىرىم بولمىغىنى بىلەن يېنىدىن يىراق بولۇپ سېغىندۇرغانىدىمەن، دەيمەن ئۆزەمچە. شۇنداق قىلىپ ئۆيگىمۇ كەلدىم. ئويلىغانلىرىم نەدە؟! خۇددى مەن ھازىرلا ئۆيدىن ھاجەتكە چىقىپ كىرگەندەكلا، ئاپام، كەل بالام، دېمەيدۇ، مېنى كۆرۈپ يۇم - يۇم يىغلىغىنى - يىغلىغان. سۆزۈمگە جاۋاب يوق، بىر ياقتىن ھېلىقى بويىنى قاتتىق گۈزەلنىڭ يېنىغا ئالدىرايمەن، ئا... بولدى، قويە! ئانلار تۆككەن ياشنىڭ سىرىنى بىلىپ بولاتتىمۇ؟ دېدىم - دە، ساقاللىرىمنى ئېلىپ، كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلەپ، تەقەززا بولۇپ تۇرغان يېرىمگە چاپتىم. تازا ۋاقتىدا كەپتىمەن — ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتقىنىدا دەل ئالدىدىن چىقتىم. مەن ئۇنى بېرىپ قۇچاقلايدىغان ئىنتىلىشتىن ئۆزەمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇردۇمەن، بىراق ئۇ، ئالدىغا ھاياسىز. بىشەم مەس ئۇچراپ قالغاندەك چۆچۈپ كەتتى ۋە ھېلىقى سوراقچىنىڭ كۆزلىرىدەك گۇمانلىق نەزەر تاشلاپ قويۇپ يولىغا مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭغا بولغان ئۇتتەك كۆيەكىنىڭ كۈچى بىلەن ھېچقاچان تۇتۇشقا پېتىنالمىغان بىلىكىنى تۇتۇپ ئاپتىمەن.

— تارت ئىپلاس قولۇڭنى! — دەپلا قولىنى شۇنداق قاتتىق سىلكىدىكى، كەينىمگە دۆڭچۈپ كەتتىم. تۆگەشتىم دېسىلە جېنىم ئاكا، تۆگەشتىم! تار كوچا بولغاچقا ھېلىمۇ ياخشى، ئۆتكۈنچى يولۇچىلار يوقكەن. مەقسىتىمنى چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئارقىدىن قوغلىشىپ يېتىشىمگىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كاچىتىمغا بىر تەستەك سالدى. تۇۋا! دېگىنىمچە مەگزىمنى ئەمەس، ياقىنى تۇتۇپ قاپتىمەن. «مەن بۇ خېنىمغا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىدىم ؟!...» دەيمەن، مېنىڭغۇ ئۇنى قىزىقتۇرغۇدەك پۇلۇم يوق. لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلسا ئۇنىڭ ئىتائەتكار قۇلى؛ ئۆي تازىلىسا سۈپۈرگىسى، قازان - قومۇچ يۇسا يۇغۇچ بولاتتىم. بىراق ئامال قانچە، گاھ دېسە قونىدىغان قۇشنى ئاسمانغا چىقىپ تۇتقىلى بولاتتىمۇ... ئۇنىڭغىمۇ سالاۋات، دەپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتسام. بىزنىڭ ھېلىقى ئىشلار بىلەن چېتىشلىق نېمىلەرنى چوڭ كوچىدا كۆرۈپ قالدىم. تۇرمىدىن قېچىپ چىققانىمكىن، دېگەن گۇماندا ئارقىغا چۈشۈۋالدىم. گۇناھ يۇقماسلارنىڭ كۈلۈشلىرىچۇ، تېخى...خۇددى شەھەرنى ئۆزى سوقۇۋالغاندەكلا... نېمىلەر دېيىشىۋاتىدىكىن، دەپ ئادەملەرنى دالدا قىلىپ ئارقىدىن سوكىدىشىپ كېلىۋاتاتتىم، ئۇلاردىن بىرى مارۇژنا ئالغىلى توختاپ مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە:

— ھۇ، ئاغىنىلەر، مۇنۇ ناسۇال قاپىقىمىز ئارقىمىزدىن پۇلاڭشىپ كېلىۋېتىپتۇغۇ؟! — دېمەسمۇ. باشقىلارمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇرىدىغاندەكلا ئەلپازدا تۇرۇلۇپ كېلىشىۋاتقىدۇ، ھېلىمۇ تەلىيىمگە كوچىدا ئادەملەر كۆپ بولغاچقا غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتىم.

ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ئاپام يەنىلا ئۇنى ئۆچمەي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاچچىقىم كەلدى: ھەي ئاپا، بالاڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈپ، ئاران بالالىقتا ئالدىڭغا كەلدى. خۇشال بولماقتا يوق مىرتىلداپ يىغلاۋېرىدىكەنسەن، دېگىنىم بار ئاپام قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ:

— ئۆيدىن چىق! سېنىڭ ئورنىڭدا ئىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باقتان بولسامۇ يۈراپ تونۇپ قوشنا - قولۇم،
ئەھلى - مەھەللىنى تاللمايتتى. سەن دادىسىنى
ساتقان مۇناپىقنى بۇ ئۆيدە تۇرغۇزۇش، مەن
ئۈچۈن ئىككى ئالەملىك گۇناھ! ھۆكۈمەتنىڭ
ئارقىدىن بارى گەپنى ئۆزۈڭ قىلىپ، تۆھمەت-
كە باشقىلارنى قويۇپسەن. ئەلنىڭ مېھرى، ئا-
تا - ئانىنىڭ مېھرى، ئەلگە يارامدىكىن، دەپ
بالا چوڭ قىلمىسا، سېنىڭدەك ئەلنى قاقشاتقان
نا ئەھلىنى بالام دېيىش نە ئات، نە نومۇس!
ماۋۇ ئەھلى - مەھەللىدە مېنىڭ يۈزۈمنى قوياي
دېسەڭ، باشقا يەردە كۈنىڭنى ئال. يولۇڭنى
توغرىلا! — دېدى. ئەلپازىدىن يۇمشايدىغاندەك
ئەمەس. ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئەھۋالىم
ئۆزلىرى كۆرگەندەك... تازا تەتۈر پىشانىمەن.
ھاراقتىن باشقا كۆڭۈل ئاۋۇتىدىغان ھېچنېمە يوق...

— دادىڭىز ھازىر نەدە؟ — دېدىم مەن.

— ھەي!... — دېدى ئۇ، بىگىز قولىنىڭ
ئۆگىسىنى چىشلەپ قويۇپ، — دادام تۈگەپ
كېتىپتۇ. يۈرەك كېسەللىكىنىڭ دەردىنى تارتماي
ۋەزىيەت توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە قايناپ قو-
ياتتى. تۈرمىدە شۇ گەپلەرنىمۇ دەپ ساپتىمەن،
دادامنىڭ مەسىلىسى تونۇش مەسىلىسىگە يا-
تىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بىراق دادامنىمۇ جىن-
شەيتان، دەپ سۆرەپ يۈرۈپتىكەن، يۈرەك كې-
سەلى قوزغىلىپ قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.
ئاپامغىمۇ دەرد قوش كەلدى. بولمىسا، ئانا
ئەمەسمۇ؟ كەچۈرىدىغاندەك قىلىپمۇ، ئۆيگە يو-
لاتمىغىنى بىلەن ئانچە - مۇنچە ھالىمدىن خە-
ۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ.

— ھە، بۈگۈن ئۇن يەن تاشلاپ كەتكەن
ئايال شۇ ئىكەن - دە؟ — دېدىم مەن ئەتىگەنكى
ئايالنى ئەسكە ئېلىپ.

— شۇ... شۇ چاغدىمۇ سىز بارمىدىڭىز؟ — دې-
دى ئۇ ئىككىنچى نۆۋەت قايناپ چىققان چا-
پاقلىرىنى سۈرتىۋېتىپ ۋە شۈبھە بىلەن ماڭا
چەكچىيىپ قاراپ.

— ھەئە، مەن ئەتىگەندىن بۇيان سىزنى
كۈزىتىپ تۇرغان، — دېدىم مەن.

— ھە!؟ — دېدى ئۇ چۆچۈپ، — سىز نېمە
ئۈچۈن م...م... مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالدىڭىز؟
سىزمۇ مېنى مەس قىلىپ قويۇپ ئۇر... ئۇر-
ماقچىمۇ - يە؟ مەن سىزنى تونۇمىسام، پاش قى-
لىش دېگەن باشقا گەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئار-
قىدىن گەپ قىلغانلارنى ئاڭلاپ قېلىپ، يا
كۆرۈپ قېلىپ دېمىسە كېيىن بىر تاياقتا ھەي-
دىلىپ تۈرمىدە ياتىدىغان گەپ... مەن ھەممە
نېمەمدىن ئايرىلدىم. ھەممە خەق مېنى ئۇر-
سا، تىللىسا، تۈكۈرسە، مەن ياخشى كۆرگەن
قىزمۇ تەستەكلىرىمگە سېلىۋاتسا... ۋاي... ئا-
نام!... ۋاي دادام!... — ئۇ ھۆكىرەپ يىغلاپ
كەتتى. كۆزىدىن، بۇرنىدىن، ئاغزىدىن - ئىش-
قىلىپ سۇيۇقلۇق ئاقىدىغانلىكى يېرىدىن ئاقق-
لى تۇردى. ئۇنىڭ كۆكەمە بالىلارنىڭكىدەك
يىغىسىدىن بولۇپمۇ ماڭا ئۇلپەت بولۇپ ئول-
تۇرغۇچىنىڭ يېشىغا نامۇناسىپ قىلىقىدىن خى-
جالەت بولۇپ ئاشخانىنىڭ تاشقىرىقى بۆلۈمىگە
سەپسالدىم. بىز ئىككىمىز ئەڭ ئاخىرقى خېرىد-
دار بولۇپ ئاشپەز ئۇستاملار دۇكاننى تاقالماي
ساقلاپ تۇرغانىكەن. مەن ھېسابات قىلىۋات-
قان ئارىلىقتا ئۇمۇ يىغىسىدىن دەرھال توختاپ
دەلدەڭشىگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.
مەن كوچىغا چىققىنىمدا بولسا، ئۇ ئاللىقاياق-
قىدۇ غايىب بولغانىكەن. مەن خۇددى كې-
رەكلىك بىر نەرسە ئۈچرىتىپ قېلىپ، ئۇنى
تۇتقىنىمدا بولسا قولۇمغا بەزەپ بىر نەرسە
چىقىپ قالغاندەك ئالدىنىش ۋە غەشلىك تول-
غان كۆڭۈلسىز تەسرات بىلەن ئۆيگە قايتتىم.

* *

قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان يانۋار ئايلىرى-

نىڭ بىر كـۈنى ئىـدى. مەن C ناھىيىسىنـىڭ
خىلۋەت يېزىـىدا تۇرۇۋاتقان چـوڭ ئانامـنى
يوقلاش ئۈچۈن بېرىپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىـ
دە تۇرۇۋاتاتتىم. كىشىلەر ماكانلاشقىلى ئۇزاق
زامانلار بولغان بولسىمۇ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش
بولمىغان؛ ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېرىزىسىز.
تۆكلۈك ئارقىلىق قۇياش نۇرىدىن بەھرىـمەن
بولىدىغان، لېكىن ئاھالىسى زىـچراق بۇ يېـ
زىدا تاڭ سەھەردىـكى ھـايات بەكـىمۇ قىزغىن
ئىدى: كىشـىلەر سـۈبھـى بىـلەن تەڭ تۇرۇپ
ئوتۇن ياراتتى. سىير ساغاتتى. ھويلا ـ ئارامىـ
رىدىكى قارلارنى تازىـلايتتى. مال ـ ۋارانلىرىغا
يەم بېرەتتى، قۇدۇقلاردىن سۇ تارتىۋاتقانلىـ
كى چىغىرىـقنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتـ
تى. سەھرانىڭ مۇزدەك، ساپ ھاۋاسىدىن ھۇـ
زۇر ئېلىـش، يېزا ھاياتـىنىـڭ سەھەردـىكى
ئۆزگىچە مەزمۇنىدىـن بەھىر ئېلىش ئـۈچۈن
سەھەر تۇرۇپ، گىمناستىكا ئوينايتتىم ۋە مەـ
ھەللە ئارىلايتتىم. بـۈگـۈنمۇ ئادـىتىمدىكىدەك
مەھەللە ئارىـلاپ كېتىۋاتـقىنىمدا بىر قورۇنىڭ
ئىچىدە نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ توپلىشىپ تۇرغان
كىشىلەرگە كۆزۈم چۈشتى. مەنـىمۇ قورۇغا كىـ
رىپ كەلدىم. كىشىلەر توپـى ئىچىدە مەن بۇ
يەرگە كەلگەندىن بۇيان تونۇشۇپ قالـغان ۋە
موماملىنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرقانـچـلىرى باردـ
كەن. ئۇلار مېنى كـۆرۈپ توپ چـەمبىرىـكى
ئىچىگە يول ئېـچىپ بەردى. كىشـىلەر ئوراپ
تۇرغان ئوتـتۇرىدا ــ يەردە بورا يېپىلغان بىر
نېمە چوخچىيىپ، بىر قارىغاندىلا ئادەم گەۋـ
دىسى يەنى جەسەت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتـ
تى. ھەممىمىزگە مەلۇم، كۆكلى يېزا ھاۋاسىـ
دەكلا ساپ دېھقانلار شەھەر كىشىلىرىنى بولۇپـ
مۇ مەركىزىي شەھەردىـن كەلـگەن كىشىلەرنى
خېلىلا ھۆرمەت قىلىـدۇ. ئۇلار خـۇددى مېنى
بۇ مۇرەككەپ مۇئەممانى يەشكۈچـى ۋە مەسىـ
لىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان كىشىدەك سوئال
نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. جەسەتـ
نى كۆرگەنـدە يـۈرىـكىم مۇزلاپ كېتىدىـغان
قورقۇنچىم بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان ئىـ
شەنچـى پـەيدا قىلغان جـۈرئەت بىلەن ئاستا
بېرىپ بورىنى قايرىدىم؛ ئۆزەمنى تەمكىنلىككە
زورلىغىنىمغا قارىماي چۆچـۈپ كەتـتىم؛ سول
تەرىپىدە كـۆكۈچ مەڭ، ئاقۇچ گۇمانـلىق چەكـ
چىيىپ تۇرغان نۇرسىز كۆز، ئادەملەرگە ئۆچـ
مەنلىك بىلەن مەسخىرە قىلىۋاتقانـدەك ھىجىـ
يىپ ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىز، كىملەرنىدۇ چايـ
ناپ پۈركۈۋەتكـۈسى كەلگەنـدەك غـەزەپتىـن
كىرىشكەن چىش، ھاياتقا، تىنچ غەمسىز ھـاـ
يات كەچۈرۈۋاتقان بەختلىك ئىنسانلارغا نەپـ
رەت ئىپادە قىلىپ تۇرغان تونۇش تەلەت مېـ
نى ھەيـران قالـدۇرغانىدى. مەن بورىـنى
يېپىپ قويۇپ كۆپچىلىككە نەزەر تاشلىدىم.
ــ قارىماملا، ــ دېـدى، كەكە ساقال قويۇـ
ۋالغان بوغداي ئـۆڭ كەلـگەن، چىرايىدىـن
مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىـغان ئەلـلىك ياشلار
چامىسىدىكى بىرى ــ ئەتىگەن ماللارغا بىدە تاشـ
لاپ بېرەي، دەپ ئۆگزىگە چىقىۋىدىـم، بىزـ
نىڭ ماۋۇ بالـىنىڭ ئـۆگزىسـىدە قاپـقارا بىرـ
نېمە تۆكلۈكتىـن ماراپ ياتىدۇ. ئاستا قايتىپ
چـۈشـۈپ بىزنـىڭ بۇ ئوغۇلـنى، قوشنىلارنى
ئويغىتىپ ئۆگـزىگە چىقساق، يەنە ئوخـشاشلا
ماراپ ياتىدۇ. بېرىپ تۇرتۇپ باقساق غاچچىـ
دە توڭلاپ قاپتۇ. قانداق ۋەجىدىن تـۆكلۈك
ماراپ يېتىپ توڭلاپ قالغىنى بىر ئالـلاغا مەـ
لۇم... ئۇ، گۇۋاھچىلارغا بىرمۇ ـ بىر قاراپ چىقتى.
ــ شۇنداق، شۇنـداق، ــ دېگىنىـچە باش
ئىغىتىشتى بىر نەچچەيلەن. مەن بۇ ئۆلۈمنىڭ
سەۋەبلىـرىـنى چـۈشىـنىپ يەتـتىم. بىراق بۇ
خىلۋەت يېزىدا ئۇنىڭ جەستى بىلەن ئۇچرىـ
شىپ قېلىـشـتەك نامەلۇم تەرەپلەرنى بىلىپ

www.uyghurkitap.com

بېقىش ئۈچۈن:

— ئاخشام نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولغانتىڭلار؟ — دېدىم مەن قورۇ ئىگىسىنىڭ ماڭا تونۇش ئوغلى ئەخمەتتىن.

— ھېچ ئىش بولغان يوق، ھە، راست، ماۋۇ ئىبراي، ماۋۇ خالىقىم، بىر نەچچەيلەن بىر نېمە ياساۋاتاتتۇق...

— قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان سۇ پومپىسى، — دەپ ئىزاھ بەردى ئارىدىن بىر ياش.

— ھە، توغرا، سۇ پومپىسى، باشقا ئىش يوق، — دېدى ئەخمەت سۆزىنى تۈزەپ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە بىر چۈشىنىكسىز ئىپادە بىلەن قاراپ قويدى.

— ئوت-چۆپ ئالغىلى چىققانىكەن دېسە ئۇنداق ئەمەس، سورىسىغۇ... بەش-ئالتە باغلام ئوت-چۆپ دېگەن نېمىدى، بېرەتتۇققۇ... — دەيتتى قورۇ ئىگىسى ئەخەت ئاخۇن.

— ئەخمەت بىلەن ئازارلىشىپ قالغان يېرى بارمىدى-يە؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن ئەخەت ئاخۇندىن.

— ھەي ياقەي! بۇ يېتىم (ئۆلگۈچىنى دېمەكچى) قىشتا كېلىپ، يازدا كېتىپ، مەھەللىدىكى ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمىسا، ئەدناسى تونۇشمايدۇ، — دېدى ئەخەت ئاخۇن.

— ئۆلگۈچىنىڭ بۇ يەردە كىمى بار؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدىم مەن.

— مەرھۇمنىڭ بۇ يەردە ھامىسى بار. قىشتا ھامىسىنىكىدە تۇرىدۇ. ياز كېلىشى بىلەنلا يوقايدۇ. ئاڭلىساق ئۈرۈمچىدە ئاپىسىمۇ بارمىش، كۆيۈمى يوق ئانا بولسا كېرەك، ئۆيىگە يولاتمايدىكەن، ئىش ئورنىمۇ يوق ئوخشايدۇ، — دېدى بىرەيلەن قوللىرىنى ئىككى يېڭى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرغىنىچە سەكرەپ تۇرۇپ.

— يېنىدا پۇلى يوق، شۇڭا، بېرى كەل، دەيدىغان كىشىسى يوق، — دېدى يەنە بىرەيلەن قوشۇمچە قىلىپ.

— ئەنە، ھامىسى كەلدى، — دېدى كىمدۇ بىرى. دەرۋازىدىن ياشانغانراق بىر ئايال ۋە مەھەللىنىڭ بىرنەچچە مويسىپىتلىرى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەللا ئورىۋالغان چاساقال بىرى، يول ئېچىپ تۇرغان توپ ئىچىدىن ئۆتۈپ بوردىنى قايرىپ جەسەت يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن دۇئا قىلدى-دە، كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ:

— قېنى، ياشراق بىرنەچچەيلەن مېيىتنى ئۆيىگە ئاپىرايلى، ئاخىرەتلىكىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلسۇن، ھاۋا سوغۇق، بولۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن توپ ئىچىدىن بىرنەچچە ياشلار ھەرىكەتكە كەلدى.

ئۆلگۈچىنىڭ ھامىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىكەن، كۆزلىرىنىڭ سەل ياشلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىرايىدا ئېچىنىش ۋە ئېغىر مۇسىبەت ئىپادىسى يوق ئىدى. ھەتتا ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشنىمۇ ئىختىيار قىلمىدى.

— رەۋشخان ئاچا، — دېدى ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم، — سىلىنىڭ بۇ جىيەن ئوغۇللىرى ئەخەت ئاكاملارنىڭ ئۆگزىسىگە نېمە دەپ چىققۇاپتۇ؟

رەۋشخان ئاچا سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— خۇي بالام، خۇي. ئىشىك ماراپ گەپ تىڭشايدۇ. خۇدايىم بەندىلىرىنى ھەر كويغا سېلىپ قويىدىكەن. بۇنىسىنى مۇشۇ كويغا سالغان قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم بىلمىسە، مەن بىلەلمىدىم. سەۋەبىنىڭ ئالىمىكەن. شۇ سەۋەب جېنىغا زامىن بوپتۇ، — دېدى ۋە مېيىتنى ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئارقىدىن بىللە ماڭدى.

شۇ كۈنى پېشىندىن كېيىن مېيىت مەھەللە چېتىدىكى قەبرىستانلىقتا ئۇزىتىلدى. مېيىت نامىزىغا مەھەللە مىچىت قەۋمى ۋە ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشقان بولسىمۇ يىغىسىز ھازا، چۈشىنىكسىز ئۆلۈم ئىدى.

رەۋشخان ئاچا توغرا ئېيتقاندۇر... كىشىلەر مىجەزىنى قېلىپقا سېلىپ تەڭشىگىلى بولمىغاندىن كېيىن ھاياتنىڭ رەڭدارلىقى مۇشۇدە!

1986-يىل دېكابىر

# مەنسەپنىڭ ھەيۋىسى

(ھېكايە)

جۇاڭ دۇڭشيەن

نەييم يۈسۈپ تەرجىمىسى

— مۇمكىن ئەمەس، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟!

ئەزەلدىن ئېغىر بېسىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن، بىرەر ئىشقا ئالدىراپ پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدىغان تاڭچۇنشيا، ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىنژېنېرى جەنشىپىڭنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا كونا ئادىتىنى بۇزۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مۇشۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

تاڭچۇنشيانىڭ نەزىرىدە جەنشىپىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسا، بەئەينى يېڭىچە مىڭبىر كېچىنىڭ چۆچىكى بولۇپ قالاتتى! جەنشىپىڭنىڭ بىرىنچىدىن يۆلىنىدىغان ھىمايىسى يوق، ئىككىنچىدىن كىشىلىك مۇناسىۋىتى يوق، ئۈچىنچىدىن ئاغزىدا گېپى يوق، تۆتىنچىدىن ئۇنىڭدا ئەمەلدار بولغۇدەك سالاپىتى يوق ئىدى. تاڭچۇنشيانىڭ 20 يىلدىن بۇيان توپلىغان تەجرىبىسى بويىچە بولغاندا، بۇنداق تۆت ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ ئەمەلدار بولىمەن دېيىش ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك بولاتتى.

تاڭچۇنشيا بىلەن جەنشىپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ جەنشىپىڭنى ئوبدانلا بىلەتتى. جەنشىپىڭنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈش ۋاقتىدىكى باھالاش خۇلاسىسىنىمۇ تاڭچۇنشيا ئۆز قولى بىلەن يازغانىدى تېخى! جەنشىپىڭ شۇ چاغلاردىلا تەشكىلدىن نارازى بولۇپ ياپتا گەپ قىلاتتى. رەھبەرلەر بىلەن زوكۇنلىشاتتى. ئىتتىپاق ئەزالىرىغا دىشنام بېرەتتى، سىياسىي بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۆزىنى بەكلا چوڭ تۇتاتتى... بىر ئېغىر گەپ بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن فاكۇلتېت بويىچە نامى چىققان قالاق ئۇنسۇر ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندە، سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلار خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ يالغۇز جەنشىپىڭلا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن يېزىغا تەقسىم قىلىنغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم

قىلىنغانىدى. تارىختىدا موشۇنچىۋالا چاتىقى بار ئادەم شەھەر دەرىجىلىك رەھبەر بولالامدۇ؟

ئىشتىن چۈشكەندە، ئىشخانىدىكى لىيۇ گەنشى① تاڭ چۈنشياغا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ناھايىتى سىرلىق قىياپەتتە ئۇنى بىرچەتكە تارتىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئۇقتۇڭمۇ؟ جەنشىيېڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغۇدەك.

— مۇمكىن ئەمەس، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن!

تاڭچۈنشيا يەنىلا شۇنداق قاراشتا بولۇپ، شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن بۇ گەپنىڭ ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان شياۋلىيۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى بۇ ھەمىشە گەپنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى خېلىلا ئاشۇراتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئوڭايلىقچە چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىرخىل ئەندىشە پەيدا بولۇپ، خۇددى مەيدىسىگە بىرگادا پاختا تىقىۋالغاندەك ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. يولبويى قايغۇ سېلىنىپ، كاللىسىغا كەلمىگەن ئويلار كەلدى. تۇيۇقسىز چىققان بۇ خەۋەردىن كاللىسى گاڭگىراپلا كەتتى...

تۇيۇقسىزدىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «غاچ - غۇچ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ بېقىنىدىلا كولىدەك بىر پىكاپ قاتتىق تورمۇزلانغانىدى. تاڭچۈنشيا ۋېلىسىپىتتىن قاڭقىپ چۈشتى، ۋېلىسىپىتى پولسا بىر چەتكە جالاقلاپ يىقىلدى.

— جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ، ھەي ھاڭۋاقتى؟! — دېدى شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ قەھر-غەزەپ بىلەن. تاڭ چۈنشيا ھودۇققان ھالدا ۋېلىسىپىتىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۇ شۇ تاپتا قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. كىچىك بىر چىنىدا گۈرۈچ ئاشنى يەپلا چوكىسىنى شىرەگە قويدى. قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا ئۆزىنىڭ كىچىككىنە كىتابخانىسىغا كىرىپ، يېزىق شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى.

خوتۇنى ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورقۇپلا كەتتى. نېمە ۋەقە بولغاندۇ - ھە. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سوگدىشىپ كىرىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدى ساڭا؟

— مۇمكىن ئەمەس، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن! — دەۋەتتى ئۇ يەنە ئىختىيارسىز ھالدا. ئۇ ئۆز ئىسىنى يىغىۋېلىپ خوتۇنىنى كۆردى ۋە:

— ھېچنېمە بولمىدى. ئىشىڭنى قىلماڭ! — دەپ ھومايدى - دە، گوپ قىلىپ ئىشىكنى ئەتتى.

ئۇ بىر ھازاغىچە ئويلاندى ۋە بىرەر تەدبىر قوللىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى - دە، دەررۇ قەغەز - قەلەم ئېلىپ: «ھۆرمەتلىك شەھەرلىك پارتكومغا» دەپ يېزىپ ئاخىرىغا تىك چېكىت ئۇردى.

---

① ئىش بېجىرگۈچى.

داۋامىنى نېمە دەپ يېزىش كېرەك؟ ئۇ قەلىمىنى ئاغزىغا تىرىگەن هالدا چوڭقۇر ئويغا چۆكتى. ئۈزۈلدۈرمەي بىرنەچچە تال پاپىروس چەكتى. كىچىككىنە كىتابخانىنىڭ ئىچىنى ئىس - تۈتەك قاپلىدى. دەل جايىغا چۈشىدىغان بىرەر مۇۋاپىق سۆز زادىلا ئېسىگە چۈشمىدى. ئەڭ ئاخىرىغا نېمە دەپ ئىمزا قويۇش كاللىسىغا كىرىۋالدى. «ساددىق پەرزەنتىڭىز، كومپارتىيە ئەزاسى تاڭ چۈنشيا» …

تۈن نىسپىگىچە هەپىلەشتى، قەغەز تېخىچىلا ئاق پېتى تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچىغانلىقىنى سېزىپ ئۇخلاپ قېلىش قارارىغا كەلدى.

جەنشىيەنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش - مىش خەۋەر بىرمەهەل ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرۈپ، كېيىنچە جىمىقىپ قالدى، هۆججەتمۇ چۈشمىدى.

— مەن ئاللىقاچان دېدىمغۇ، مۇمكىن ئەمەس، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن!

تاڭ چۈنشيانىڭ روهىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپلا كەتتى. ئىشتىهاسىمۇ تەڭلا ئېچىلىپ، شاپىدە تارتىلىپ كەتكەن ئىككى مەڭىزىگە قايتىدىن قان - گۆش قوندى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ نېمىگە شۇنچىۋالا هەرەج تارتىپ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي ئەچى پۇشتى.

بىراق، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي هېلىقى مىش - مىش خەۋەر تۇيۇقسىزدىنلا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىزىل ماۋزۇلۇق هۆججىتىگە ئايلاندى، تاڭ چۈنشيا مەنسىتمىگەن هالدا:

— بۇ تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولدى - دە! — دېدى.

تاڭ چۈنشيا هەش - پەش دېگۈچىلا يەنە ئورۇقلاشقا باشلىدى، مىجەزىمۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ قايتىدىن ئەنسىزچىلىككە چۈشتى.

بىر كۈنى تاڭ چۈنشيا بىر تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالدى. ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يېڭى مەهسۇلاتنى ئۆلكە دەرىجىلىك باهالاپ بېكىتىش ئۈچۈن بىر كۈن يىغىن ئاچماقچى، كەچتە تاماكا، هاراقتىن باشقا هەر جۈزىسى 150 يۈەنلىك ئۆلچەمدە كاتتا زىياپەت بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يىغىنغا قاتناشقان هەر بىر كىشىگە بۇرۇندىن داۋام قىلىپ كەلگەن سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىش ئورنىغا، ئەمەلىي مەنپەئەتى ياخشىراق بولسۇن ئۈچۈن باهاسى 16 يۈەن سەككىز مو يەتتە پۇڭلۇق يوتقان تېشىدىن بىرنى خاتىرە بۇيۇم سۈپىتىدە تارقاتماقچى.

تاڭ چۈنشيانىڭ تاۋى يوق بولسىمۇ بۇ يىغىنغا يەنىلا قاتناشتى، ئىشتىهاسى تۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ كەچلىك زىياپەتتىن قالمىدى. هەر جۈزىدا ئوندىن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جۈزىدا بويىغا يەتكەن ناتونۇش ئىككى قىزمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇردى. ھەر ئىككىسىلا ناھايىتى قاملاشقان، چىرايلىق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بۇ جوزا باشقا جوزىلاردىن كۆپ جۇشقۇن، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن ئىدى. بىرنەچچە ئىستاكان چىڭداۋ پىۋىسى قورساققا كىرگەندىن كېيىن، دەبدەبىلىك گەپلەر چىقىشقا باشلىدى.

— ماشىنىسازلىق زاۋۇتى جەن فۇشىجاڭنىڭ① ئۆز ئائىلىسى تۇرۇقلۇق، بۈگۈن ھەجەپ كەلمەپتىغۇ؟

— كەچتە شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم بىر يىغىن بارمىش.

— ئادەمنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلسە، ئامەت دېگەن ئۆزلۈكىدىن كېلىۋېرىدىكەن. بىز چاغلاردا لاۋجېن بىلەن ئىككىمىز كالا قوتىنىدا يېتىپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە بىللە كىرىپ ئەمگەك قىلىپ ئۆزگەرگەن ئىدۇق ...

— بەللى، ئۇنداقتا جەن فۇشىجاڭ بىلەن قەدىناس ئىكەنسىلەر-دە! — دېدى قىزلاردىن بىرى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھېلىقى كىشى مەغرۇرلانغان ھالدا، — ئىككى قەۋەتلىك كارىۋاتتا بىرىمىز ئۈستۈنكى قەۋەتتە، بىرىمىز ئاستىنقى قەۋەتتە يېتىپ-قوپۇپ ئالتە يىلنى بىللە ئۆتكەزگەنمىز، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ھەپتىسىگە كەلمىدى دېگەندىمۇ بىر قېتىم بىزنىڭكىگە كېلىپ، بىز بىلەن خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك، چاي - پاي ئىچىپ، ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ بىز ئەلچى بولۇپ ئېلىپ بەرگەن تېخى!

— ئۇنىڭ ئايالى، ھى،ھى، مېنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىم بولىدۇ!

— ئۇنداقتا سىز جەن فۇشىجاڭنىڭ تۇغقىنى ئىكەنسىزغۇ! — دېدى قىزلارنىڭ يەنە بىرسى.

— ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى دائىم بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ، بىزمۇ بېرىپ تۇرىمىز!

— جەن فۇشىجاڭ ئۈچ خىل چەت ئەل تىلى بىلىدۇ. ئۇ ئىتتىپاق گېرمانىيىسى، ياپونىيە، ئىسپانىيە، ئامېرىكىلارغا چىقىپ كەلدى. مېنىڭ ئوغلۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر زاۋۇتتا ئىشلىگەن. جەن فۇشىجاڭ بالامغا زېرىكمەي - تېرىكمەي يورۇپ ئىنگلىزچىنى ئۆگىتىپ قويغان.

— ئۇنىڭ ئاتىسى فىلىپپىندا. بىزنىڭ چوڭ ئاكىنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئىلپەتچىلىك قىلىشىدىكەن. بۇلتۇر ئاكام كەلگەندە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن 24 سۆڭلۈك رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئالغاچ كەلگەن.

...

بويىغا يەتكەن ئىككى قىز بىلەن تاڭ چۈنشيادىن باشقا ھەممەيلەن مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى جەن شىپىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، قەدىناس بولۇپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق مۇناسىۋەت

① مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى

بىلەن ئۆزلىرىنى چەكسىز شەرەپلىك ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشتى.

تاڭ چۈنشىيا ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، بۇ كىشىلەرنى ئۆزىچە قۇرۇق ئابرويپەرەس، يەڭگىل ۋە ئىنتايىن چاكىنا دەپ ھېسابلىدى. لېكىن بويىغا يېتىپ قالغان ھېلىقى ئىككى چىرايلىق قىزنىڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە شۇ قەدەر زېھنى بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلىقى، بۇ ئادەملەرگە زوقلىنىۋاتقانلىقى تاڭ چۈنشىياغا بەكلا ئەلەم قىلدى. جەن فۇشىجاڭ بىلەن يېقىنچىلىق توغرىسىدا گەپ قىلىش توغرا كەلسە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، ئۆزىنىڭ جەن شىپىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزدى، ھەۋىسىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاخىرى چىداپ تۇرالماي ئېغىز ئاچتى:

— جەن شىپىڭ مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم!

ھە؟! ھەممىسىنىڭ دىققەت نەزەرى بىراقلا ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. بولۇپمۇ ھېلىقى ئىككى قىز ھەم ھاڭ-تاڭ بولغان، ھەم ھۆرمىتى ئاشقان ھالدا تاڭ چۈنشىياغا تىكىلدى.

تاڭ چۈنشىيا بۇنىڭدىن بەكلا مەمنۇن بولدى، چەكسىز ئىلھام ۋە مەدەتكە ئېرىشكەندەك بولۇپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— بىز بىر سىنىپتا تۆت يىل بىللە ئوقۇغان قەدىناس ساۋاقدىشىمىز. جەن شىپىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا چېغىدا بەكمۇ ئىجتىھاتلىق، تىرىشچان ئىدى، ھەر بىر مەۋسۇمدە ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، ئۇ يەنە بەكمۇ خۇش خۇي، چىقىشقاق ئىدى. قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە، ساۋاقداشلارنىڭ ئايلىق ئاشلىق نورمىسى 28 جىڭ گۈرۈچ ئىدى، ساۋاقداشلارنىڭ نورمىسى ئۆكسۈپ قالسا، جەن شىپىڭ ئاتىسى ئەۋەتكەن گۈرۈچ، ئاق ئۇنلارنى، چوشقا مايلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى...

— پاھ، — دېۋەتتى ئارىدىن بىرسى زوقلىنىپ.

تاڭ چۈنشىيانىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، چاۋقىيالىرىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ ئوچۇق-ئاشكارا، پىكىر بېرىشكە جۈرئەتلىك، دادىل ئىدى. رەھبەرلەر ئالدىدا يامان ئاتىلىق بولۇپ قېلىشتىن قورقمايتتى. بىر قېتىم سىنىپىمىزدىكى گۆروي، ئىشتىھالىق بىر ساۋاقدىشىمىز باشقا سىنىپتىكى بىر ساۋاقداشنىڭ بىر ۋاقىلىق تامىقىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىپ تۇتۇلۇپ قالدى. فاكۇلتېت ئۇنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلماقچى بولغاندا، ھېچكىم بۇنىڭغا نارازى پىكرىنى بېرىشكە پېتىنالمايدۇ. بىزنىڭ جەن شىپىڭلا سەكرەپ ئورنىدىن چىقىپ فاكۇلتېت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىنى تاپىدۇ-دە: «باشقىلارنىڭ غىزاسىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىش ئەلۋەتتە خاتا، لېكىن ئادەم تاداق بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەپۇ قىلىشنى ئورۇنلۇق، مۇشۇ بىر ئىش تۈپەيلىدىنلا بىر ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىۋەتمەسلىك كېرەك» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرسىمۇ قىلچە قورقۇپ قالماي ئۇنىڭ بىلەن جوزىنى مۇشتلىشىپ تۇرۇپ زوكونلىشىدۇ. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تاڭ چۈنشيا خۇدىنى يوقىتىپ جوزىنى قاتتىق بىر مۇشتلىۋەتتى.

زىياپەت جوزىسىدىكى چىڭداۋ پىۋىسى قويۇلغان ئىستاكانلار جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ ئۆرۈلۈپ ھېلىقى قىزلارنىڭ چىرايلىق يوپكىلىرىنى بۇلغىۋەتتى. ئۇلار «ئاپلا...» دېيىشىپ قولياغلىقلىرىنى ئېلىپ يوپكىلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار، — دېدى تاڭ چۈنشيا شەرمەندىلەرچە قىزىرىپ نامەقۇل بولۇپ. شۇ تاپتا ئۇ خىجالەتچىلىكتىن بەكمۇ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

شۇ ئەسنادا زىياپەت زالى بىردىنلا ئۆرە-تۆپە بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك كۆزلىرىنى تىڭلا زىياپەت زالىنىڭ تۆرىگە تىكىشتى.

— قاراڭلار، جەن فۇشىجاڭ كەلدى، — دېدى ئارىدىن بىرسى.

20 يىلدىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەچكە، ئەگەر باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ جېن شىپىڭ ئىكەنلىكىنى ئاغزىغا ئالمىسا، تاڭ چۈنشيا ئۇنى تونۇيالماي قالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى شۇقەدەر كۆتۈرەڭگۈ، قەددى-قامىتى شۇنچە كې‑لىشكەن، ئەمەلدارغا خاس سالاپىتىگىمۇ گەپ كەتمەيدۇ! نەدىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزدىكىدەك شۇم چىراي چىقىپ تۇرسۇن.

ساھىپخان ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ كۆپچىلىكنى جىم ئولتۇرۇشقا بىشارەت بەردى. ئاندىن ھاياجانلانغان ھالدا:

— جەن فۇشىجاڭ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ كۆپچىلىكنى يوقلاپ كەلدى، ھازىر ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى! — دەپ جاكالىدى.

جەن فۇشىجاڭ روھىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

— كۆپچىلىكنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت! مەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن كۆپچىلىكنى قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىمەن. قېنى ھەممىمىز تەڭ كۆتۈرەيلى! — دېدى ۋە رومكىدىكى ھاراقنى پاك-پاكىز ئىچىۋېتىپ رومكىنى دۈم قىلىپ كۆپچىلىككە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ رومكىنى جوزىغا قويۇپ ئىككى قولىنى جۈپلەپ يېنىش-يېنىشلاپ: «رەھمەت، رەھمەت!» دېدى.

ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى ۋە گەپ-سۆزلىرىدىن ھەقىقەتەن كارامەت بىر ئەمەلدارلىق ھەيۋىسى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

بىر جوزىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئىككى قىزنىڭ بىرسى تاڭ چۈنشيانى قىزىقتۇرۇپ:

— قەدىناس ساۋاقدىشىڭىزغا بىر رومكا ھۆرمەت شارابى تۇتمامسىز! — دېدى ۋە بېلىق كۆزى قىلىپ بىر رومكا ھاراق

قويۇپ ئۇنىڭغا تەڭلەدى.

تاڭ چۈنشيا رومكىنى قولىغا ئالدى، ھاياجانلانغىنىدىن يۈزلىرى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ قىستا - قىستاڭ ئىچىدە زىياپەت جوزىلىرىنى چۆگىلەپ ئۆتۈپ جەن فۇشىجاڭ تەرەپكە ماڭدى؛ جەن فۇشىجاڭنىڭ قېشىغا يېقىنلاشقاندا ئۇ بىرئاز ھودۇققاندەك بولۇپ قورۇنۇپ قالدى. جەن فۇشىجاڭ بىرقانچە باشلىقلار بىلەن نېمە توغرىدىدۇ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇزاقتىن كۆرۈشمىگەن، ئەمدى بۇ ئىش تەرەپپال بولۇپ قالارمۇ؟

لېكىن ئۇ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ يېقىنلاپ باردى - دە، ھۆرمەت تەبەسسۇملىرى بىلەن قىزغىن مۇراجىئەت قىلدى:

— شىپىڭ، مېنى تونۇيالىدىڭمۇ؟

جەن فۇشىجاڭ ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىرقۇر كۆز يوگۇرتۇپ:

— سەن...؟

— مەن تاڭ چۈنشيا ئەمەسمۇ، بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇماپمىدۇق، ئېسىڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ؟

— ھەي، لاۋتاڭمۇ سەن! — دېدى جەن فۇشىجاڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ۋە يېنىدىكىلەرگە ئۇنى تونۇشتۇردى، — مېنىڭ كونا رەھبىرىم، كونا باشلىقىم! — جەن فۇشىجاڭ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەرھەمەت قىل، مەن ساڭا بىر رومكا قەدەھ تۇتاي! — دېدى تاڭ چۈنشيا.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى جەن فۇشىجاڭ ھۆزرە ئېيتىپ، — كەچۈرە كۆپ ئىچەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىن تېخى تۈگىمىدى، مەن يەنە شۇ يىغىندا ئولتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك، ھاراق پۇراپ تۇرسا ياخشى بولماس. ئەيىبكە بۇيرۇما، ھۆرمەتسىزلىك قىلدىم! ئۇ مۇشۇنداق ھۆزرەخالىق ئېيتىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ زالدىن چىقتى.

تاڭ چۈنشيا باشلىقلارنىڭ ئارقىسىغا قىسىلىشىپ جەن فۇشىجاڭنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا يېقىنلا يەردە بىر پىكاپنىڭ تۇرغىنىنى كۆردى، بۇ پىكاپنىڭ جەن فۇشىجاڭنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئايان ئىدى. تاڭ چۈنشيا دەررۇ ئالدىغا ئۆتۈپ چەبدەسلىك بىلەن جەن فۇشىجاڭغا پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپ:

— قېنى مەرھەمەت! — دېدى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى جەن فۇشىجاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ.

جەن فۇشىجاڭ پىكاپنىڭ ئىچىگە پۇت سالغاندا، تاڭ چۈنشيا جەن فۇشىجاڭنىڭ بېشى تېگىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن سول قولىنى دەررۇ ئىشىك بېشىغا دال قىلىپ بەردى ۋە ئوڭ قولى بىلەن جەن فۇشىجاڭنىڭ جەينىكىدىن يۆلەپ: «ئېھتىيات قىل!» دېدى. جەن فۇشىجاڭ يەنە تەكرار رەھمەت ئېيتتى. ئۇ پىكاپقا ئولتۇرۇپ بولۇپ تاڭ چۈنشياغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— چولاڭ تەگسە بىزنىڭكىگە بېرىپ تۇرغىن! — دېدى.

— چوقۇم، چوقۇم بارىمەن! — دېدى ئۇ.

(ئاخىرى 83 - بەتتە)

# شېئىرلار

## باۋۇدۇن نىياز



ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پېشقەدەم مائارىپچى، شائىر باۋۇدۇن نىياز 1939 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1956 - يىلى ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1960 - 1961 - يىللىرى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، ھازىرغا قەدەر مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «ۋەتەن مېھرى» 1958 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ، ھازىرغا قەدەر 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە بىر قانچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە ئوبزورلىرى ھەر خىل گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

ھازىرغا قەدەر ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن سىرت، 13 پارچە «ئەدەبىيات» ھەم «ئۇيغۇر تىلى» گراماتىكىسى قاتارلىق دەرسلىك كىتابلارنى تۈزگەن ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ «يالقۇنتاغ كۈيلىرى» ناملىق شېئىرى توپلىمى نەشر قىلىنغان.

باۋۇدۇن نىياز جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ ھازىر ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

### كىتاب

ئەقىل - ئىدراك مەنبەئىمسەن جانانىم كىتاب،
ھەر سەھىپەڭ كۈچ - قۇدرىتىم دەرمانىم كىتاب.
سەن كۆڭۈللەر باغچىسىغا نۇر بىلەن ئاپتاپ،
سېنىڭ بىلەن ياشنار گۈزەل دەۋرانىم كىتاب.

سېنىڭ بىلەن تەبىئەتنى يوگەتلەيمىز بىز،
كۆك قەرىدىن تولۇن ئاينى ئۈزەلەيمىز بىز،
ئوكيانلاردىن دۇر - گۆھەر سۈزەلەيمىز بىز،
شانۇ - زەپەر قۇچۇش ئۈچۈن ئىمكانىم كىتاب.

غالىبانە يۈرۈشكە بىز تاشلىدۇق قەدەم،
ئىقبالىمىز پارلىماقتا دەۋرىمىز كۆركەم.
چوققىلارغا ئۆرلەش ئۈچۈن بىلىمىز مەھكەم،
سەن بولغاچقا ھەل جەمكى ئارمانىم كىتاب.

ئىلىم - پەنسىز كوممۇنىزم بولمايدۇ بىنا،
ئىلىم بىلەن بىرىمىز بىز ھاياتقا مەنا.
ھۆر ۋەتەننى گۈللەشتە بىز ئىلىمگە تەشنا،
مەرىپەتنىڭ جەۋھىرىسەن ئېرپانىم كىتاب.

## چىن يۈرەكتىن ئەسلەيمىز

تولۇن ئايدەك تۈن كېچىنى يېرىپ چىققان،
جاھالەتكە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققان،
خەلقىمىزنىڭ غەمگۈزارى چىۋەر ئۇستاز،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

نۇر بېغىشلاپ بىزنىڭ مىسكىن يۈرەكلەرگە،
ئىلھام بېرىپ بۈيۈك ئارزۇ - تىلەكلەرگە،
ھۆرلۈك ئۈچۈن بىزنى جەڭگە دەۋەت قىلغان،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

ئەجدادلارغا دىل رىشتىمىز تۇتاش بىزنىڭ،
ئۈستىمىزدە پارلار بۈگۈن قۇياش بىزنىڭ،
بۈگۈنكى شۇ بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغان،
ئەخمەتجاننى ئەسلەيمىز بىز چىن يۈرەكتىن.

## بەتنىيەت

نام، ئاتاق، ئابرويىنى دەپ ھەر يانغا چاپقان بەتنىيەت،
خەلقى - ئالەم ئالدىدا لەنەتكە پاتقان بەتنىيەت.

ئورنى چوڭراقلارنى كۆرسە ئېگىلىپ تا يەرگىچە،
ھومىيىپ ئاددىي خەلققە بۇتتەك غادايغان بەتنىيەت.

ھەرقاچان شۇملۇقنى ئويلاپ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن،
پىتنە - ئىغۋا دەپتىرىنى كەڭرى ئاچقان بەتنىيەت.

تۇغدۇرۇپ نىزا - مالامەت، تاپتىڭ بازار بىر مەھەل،
ئۆزىنى «ئاقىل» ساناپ، ئاسمانغا ئاتقان بەتنىيەت.

مىسلىسىز ئۆملەشتى خەلقىم، قالمىدى، ئىمكان ساڭا،
قايت ئىزىڭدىن! توغرا يولنى تاللا چاپسان بەتنىيەت.

## جۇڭغارغا كېلىپ

كېلىپ كۆردۈم جۇڭغارغا مەن سەلىم بوۋاينىڭ،
مەڭگۈلۈككە ئۆچمەس بولۇپ ئىزلىرى قاپتۇ.
نېفىتلىككە ۋارىس بولۇپ ھالال تەر تۆكۈپ،
ئۆت يۈرەكلىك تالاي ئوغۇل - قىزلىرى قاپتۇ.

ئاڭلا جاھان! بۇ ھۆر ماكان بىزنىڭ بولىدۇ،
(تەڭرىتاغدا ئۆسكەن ئوغۇل - قىزنىڭ بولىدۇ).
شەيتانكەردىش ئەمەس. ھەرگىز ئۆلمىدىسىز شەيتان،
ياشنايدۇ ئۇ تېخىمۇ زور كۈچكە تولىدۇ.

ئاقبۇلاقنىڭ ئىستىقبالى پارلايدۇ يەنە،
ئۇندا نېفىت شىددەت بىلەن پارتلاپ چىقىدۇ.
جەرىنبۇلاق ياتماس ھەرگىز غەپلەت ئۇيقۇدا،
كامال تېپىپ يۈكسەكلىككە ئاتلاپ چىقىدۇ.

1987 - يىل 22 - ئۆكتەبىر، قاراماي

## ئەل ئۈچۈن …

(ناخشا تېكىستى)

مېھرىبان يارىم بېغىڭغا،
مەن لالەيۇ - رەيھان بولاي،
بەختىيار ئۆمرۈڭگە ھەمدەم،
كۈلكەڭگە جۇر خەندان بولاي.

ئەل - ۋەتەننىڭ بەختىنى دەپ،
كەشپىيات قىلساڭ ئەگەر،
مەن سېنىڭ دائىم قېشىڭدا،
دەردىڭگە چىن دەرمان بولاي.

ئەل ئۈچۈن سەن، سەن ئۈچۈن مەن
بولسۇن مۇقەددەس ئەھدىمىز،
مەن ساڭا پۈتمەس ھارارەت،
ئۈچمەيدىغان گۈلخان بولاي.

## تۇتاي سىزگە شارابىمنى

(ناخشا تېكستى)

زىيارەت ئەيلىگىنىز دوستلار،
گۈزەل شىنجاڭ - دىيارىمنى.
تۇتاي مېھرىم بىلەن سىزگە،
مۇھەببەتلىك شارابىمنى.

قىلىڭ سەيلە بولۇپ مېھمان،
ئۈزۈمزار شەھىرى تۇرپاننى،
ئۈرۈمچى ھەم خوتەن، قەشقەر،
كۆرەشچان غۇلجا بوستاننى.

كۆرۈپ دوستلار ھۇزۇر ئەيلەڭ،
ئەزىم تارىم - تىيانشاننى،
شېھىتلەر قېنىغا رەڭداش،
ئېچىلغان لالە - رەيھاننى.

## يالغۇزلۇقتا ئويلىغانلىرىم

سەمەت دۇگايلى

### ئېكسپېيە

شەيتان،
پەرىشتىلىكتىن قوغلانغان.
ئەسلىدە نۇردىن يارالغان.
ئەجەبلەنمەڭ، ئەي ئىنسان
گەپ ئاڭلىمىغىنى ئۈچۈن
ئۆچ ئېلىش،
جازالىنىپ
شۇلىگىدىن قالغان.

## قانۇنىيەت

ئادەم
تۇغۇلۇپلا ئىڭەلەيدۇ.
كېيىن ئۆمىلەيدۇ،
كېيىن ماڭىدۇ،
كېيىن يۈگۈرەيدۇ،
كېيىن...
بەزى كۈلىدۇ، بەزى يىغلايدۇ.
كېيىن...
چوقۇم ئۆلىدۇ.
كېيىن...

## شېئىر ۋە شائىر

گېئومېترىك شەكىل بويىچە
قويسا بىر توچكا.
توچكىدىن يۈزلەپ، مىڭلاپ سىزىق
سىزغىلى بولار ھەر ياققا.
توچكىسى شېئىر
سىزىقى شائىر.

## ناھايىتى گۈزەل ئارزۇ

يىغلىتىشقا يېتەر ئامالىم،
كۈلدۈرۈشكە بىر چارە تاپسام.
ئەسنەشكە،
مۈگدەشكە،
چۈشكۈرۈشكە،
چۈش كۆرۈشكە،
...
مەن رۇخسەت قىلسام.

## «چۈشىنىكسىز» لىك توغرىسىدا

ھەممىگە مەلۇم بولغىنى
«چۈشىنىشلىك» دەپ ئاتىلىدۇ.
تېخى مەلۇم بولمىغىنى،
«چۈشىنىكسىز» دەپ ھەيدىلىدۇ.
«چۈشىنىشلىك» بولغانلىرى،
شۇ سەۋەبتىن تۈگەيدۇ.
«چۈشىنىكسىز» لىرى
ئۆز قىسمىتىدىن كۆمۈلىدۇ.

## دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى «پىكىر»گە ئاپىرىن

### 1. «ھېسسىيات چىقىش يولى ئىزدەيدۇ»①

ئوبزورنى ئوقۇپ

بىلمەيتتىكەنمەن،
ھېسسىيات ئەسلىدە سولاپ قويۇلغان
بۆلۈتمىدىكەن.
ياكى ئۇ
ئۆڭكۈرگە قاچىلاپ قويۇلغان
تۈتۈنمىدىكەن.
مۇبادا شۇلارنى راست دېگەندىمۇ،
ئۇ نەدىن كىرىپ،
تۇرۇپ قاپتىكىن؟...

### 2. «بەڭگى»②نى كۆرۈپ

پاھ،
دۇنيا بىر ئورام قەغەز ئىكەنغۇ،
ئوراغلىق نەرسىنىڭ باركەن بۇرجىكى.
تۆت قېتىم يىرتىسىلا گۇم بولار دۇنيا،
رومان يازغۇچىنىڭ بەڭگى بارمىقى.
تورۇكلاپ يانچۇقتىن تۆككۈلگەن رومان،
رومانمۇ، بەڭگىنىڭ موخۇركا كۈلى؟
ئاپتورى «يۈرەمدۇ» ياكى ئۇچامدۇ،
يىرتىلغان قەغەزدىن يۇلتۇزلار ئارا
كۈلدەك كۆپ رومانى چېچىپ تۈن بويى؟!

①② «تەڭرىتاغ» نىڭ 87 - يىلى 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر.

# دانە - دانە مارجانلار

روزى سايىت

## سۆيگۈ قوشاقلىرى

ئەگىسەن دېرىزەم تۈۋىنى ھامان،
«ئىشقىڭدا بولدى، — دەپ، — چىرايىم
سامان...»
ئاشىقلىق بەلگىسى سارغىيىشمىدى؟
مۇرادقا يېتەلمەس، بىلگىن، بى دەرمان!

چىن ئاشىق يۈرمەيدۇ «سۆيگۈ»نى تىلەپ،
«تىلەش»تىن قاچاندا ھەل بولغان تەلەپ؟
يۇلۇپ ئال يارىڭنى «شاتىر» قولىدىن،
شۇ چاغدا نان يەيسەن ھەسەلگە مىلەپ.

ئېيتىپسىز ئەلچىدىن: «كۆپ تويلۇق ئالاي،
كۆمەي پۇل، بىساتقا، پايانداز سالاي؟...»
دوست - دىلكەش جۈپ بولاي دېسىڭىزچۇ،
ئېسىت،
بولدى، بەس! ئەلچىڭىز كەتسۇن تۇل قالاي!

سىز دەپسىز: «پۇلۇم بار، ئېتىم يېڭى باي،
قىز نېمە، خالىسام ئالقىنىمدا ئاي...»
ھەقىقىي مۇھەببەت سېتىلماس پۇلغا،
چۈشەندىم، ئىكەنسىز سۆيگۈدە گاداي!

سۆيگۈنى تەقسىملەپ بۆلمىگەن «تەڭرى»،
بىرسىگە ئاز، يەنە بىرسىگە، كەڭرى.
ئۇ ھەربىر كۆڭۈلنىڭ رايى خالىشى،
مەجبۇرلاش ئەپكېلەر سۆيگۈگە جەبرى.

مۇھەببەت مىزانى سۆيگۈ، ۋاپادا،
ئۆلچەنمەس ئۇ پەرياد، يىغا، «پا - پا»دا.
چىن ئاشىق دەپ بولماس ئەگەر كىمىكى،
راھەتكە تەڭ شېرىك، چانسا جاپادا.

«مۇھەببەت مۇشۇ» دەپ باغلار ئارىلاپ،
ئۇ مېنى، مەن ئۇنى پايلاپ - ئارىلاپ.
يۈرگىنىم، چۈشەندىم، بەڭباشلىق ئىكەن،
سۆيگۈنى بەك ئەرزان چاغلاپ، قارىلاپ.

سۆيۈشۈش - سۆيگۈنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس،
ئۇ، غىل - پال ئۆتكۈنچى بالىلىق ھەۋەس.
كېچىكىپ چۈشەندىم بۇنى مەن، بىراق،
ھېلىھەم ھەۋەسكە چەك قويمىقىم تەس...

— راستشۇنچە سۆيەمسەن؟ — دېۋىدىم يارغا،
دېدى ئۇ «رازىمەن مەيلى ئاس دارغا!...»
بىر كۈنى ئازراقلا رەنجىشىپ قالساق،
يا پاناھ! ھۆرپەيدى، قىستىدى تارغا.

گەر ياخشى كۆرمىسە مۇھەببەت قايدا،
يا، ياخشى كۆرۈش كېيىن بولامدۇ پەيدا؟
ۋادەرىخ، ھەممىسى يوقالدى تەڭلا،
كىرىم سەل ئاز بولغانىدى بۇ ئايدا...

دېگەنتىم: «سۆيىمەن، سەنمۇ سۆي مېنى؟...»
دېدىڭ: «لەۋ چاقام بار، تىنچ قوي مېنى!...»

سۆيگۈنى «سۆيۈش» دەپ چۈشەنگىنىمدىن —
سەسكەندىم، چۆلگىدى باشقا ئوي مېنى...

باغ ئىچى، كۆل بويى، ئەتراپ گۈل ھىدى...
نىگارنىڭ بېشى دەل كۆكسۈمدە ئىدى.
ئېيتتى ئۇ: «بىر ئۆمۈر ئۆتسەك مۇشۇن-
داق؟...»
ئويلاندىم «يار نېچۈن بۇ گەپنى دېدى؟...»

ئوينىشىپ سەردىگە ياقسام نىگارغا،
دېدى: «قوي، ئاۋارە بولما بىكارغا.»
دەپ ئىدىم: «سىنىدىم؟»، ئۇ دېدى: «سىنا،
شۇنچىلا سىناقلار كەلمەپتۇ كارغا؟...»

## «كۆپۈر» لۇقتەن پارلاك

«باقى» دا ھەييامنى ئۇلپەت ئېتىمەن،
دەۋزاققا چۈشسىمۇ بىللە كېتىمەن.
ناۋادا بوپقالسام «ئەھلى جەننەتى»
شۇندىمۇ ھەييامغا قەدەھ تۇتىمەن.

بىمۇدە غەملەردىن پەرۋايىم پەلەك،
تاڭ، قۇياش، بەخت، ئەتە...مەڭگۈلۈك تىلەك.
ئاڭغىچە ئاز سۆزلەي، ئۇمىدلىك ياشاي،
ساقى، مەي! لەببا - لەب توشسۇن بىرچىلەك!

«خۇدا گۈي» لار دائىم ئالدار خۇداسىنى،
تۇۋا قىلغاچ داۋام ئېتەر گۇناھىنى.
يالغان تۇۋا قىلما، ئادەم، گۇناھ قىلما،
ساۋاپ ئىزدە، ئال تىرىكلەر دۇئاسىنى!

قانائەت ئەھلىگە ئوچۇقمىش جەننەت،
ناشۈكۈر بەندىنى كۈتۈرمىش دوزاق.

نە كېرەك قانائەت جەننىتى بىزگە،
بىلمىدىم، ئۇ سۈتسىز ئىممىزگە - تۇزاق.

«ئادەمنىڭ تەقدىرى قىسمەتتىن» ئىمىش،
(قىسمەتكە خوجايىن تەڭرى دەرگاھى)
— كۆرەمدۇ «ئىنگىسى» بەندىنى ئېشەك؟...
كاللامغا شۇ خىيال كېلىدۇ گاھى...

«قىل تەۋرىمەس تەقدىردىن ئۆزگە»
گۇمانىم بار مۇشۇ بىر سۆزگە.
گەر راست بولسا، نېمىشقا شۇ «قىل»
ھەر تەۋرىسە قۇم تىقار كۆزگە؟؟...

جەننەت نېسىپ بولسا ماڭا ئۆلگەندە،
كىرمىگەيمەن مۇسادىرە قىلغانغا.
«شەددات كۆرسۇن راھىتىنى جەننەتنىڭ»
دەرمەن، مەندىن سەۋەبىنى سورىغانغا.

قولۇمدا «كالامۇل»، ئاغزىمدا سۈرە،
«ئاللا»نى سېغىنىپ تۇرىمەن ئۆرە.
شۇنچىلا قىلسامۇ ھاجەت بى مەقبۇل،
ئالدىمدا يولۋاس بار، كەينىمدە بۆرە...

ئادەمنى تەڭرى ئۆزى ياراتتىمۇ،
داڭقىنى ئەل ئىچىگە تاراتتىمۇ.
راست بولسا ياراتقىنى، داڭلىغىنى،
نېمىشقا بەش ۋاق يەرگە قاراتتىمۇ؟

مەي بولمىسا مەيخور سورۇن قۇرالامتى؟
مەيخورلار مەي ئىچمەستىن تۇرالامتى؟
يارانلار، قورقماي ئىچىڭ، «ھەق»قەھرىدىن،
مەينى ئۆزى بەرگەن تۇرۇپ ئۇرالامتى؟...

1986 - يىل 10 - ، 11 - ئايلار، خوتەن

## شېئىرلار

ئابدۇسەمەت خېلىل

### ... گە

كۆپتىن بېرى شېئىرلىرىڭنى،
كۆرگەن ھامان ئوقۇيتتىم سۆيۈپ.
غايىبانە قىلغان ئەقىدە ــ
ئۆچتى بىردىن ئۆزۈڭنى كۆرۈپ.

شېئىرىڭدىكى ئالىيجانابلىق،
قىلىقىڭدا تېپىلمايدىكەن.
سەن ئىككەنسەن كەمەكنىڭ ئۆزى،
دىلىڭ تىلىڭغا چېتىلمايدىكەن.

### قۇش ۋە ئادەم

قۇشنى باقسا ئادەملەر،
ئوبدان كۆنۈپ قالىدۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي بەزىسى،
ئىگىسىنى ئالىدۇ.

سىڭگەن بەزى ئىنسانغا،
قۇشلاردىكى بۇ ئادەت.
ئۇنداقلارغا دەيدۇ ئەل،
غەزەپلىنىپ: «مىلىك لەنەت»!

### ئالەم ۋە ئادەم

ئالەم ۋاپا قىلمايدىكەن ئادەمگە،
لېكىن ئادەم تويماس ئەشۇ ئالەمگە.

### پارچىلار

كىچىك بېلىقنى يەيدۇ چوڭ بېلىق،
گېلىدىن ئۇنىڭ ئۆتىدۇ سىلىق.

نەسىلداش تۇرۇپ بىرىنى ـ بىرى،
يۇتۇپ كېتىشى بۇ قانداق قىلىق؟!

چىش كۆرسەتسە «كۈلدى ئۇ» دېمە،
يولۋاسنىڭ بۇ خىرىس قىلىشىنى.

گول بولمىغىن دۈشمەن ھىجايسا،
ئۇدۇر ساڭا قاپقان قۇرغىنى.

## شېئىرلار

ئابدۇللا سابىت

### بىر دوستۇمغا

ئارزۇلارغا بەرمىس ھەتتا قىل،
ساڭا ئەسلا تەلەپ ئالىمى.
سەۋەب قىلساڭ قىلچە، ھەتتا پىل ــ
بىرەر جەزمەن سەۋەب ئالىمى.

پوتولگەندۇر ئالىم گەۋدىسى،
مېھنەتكە زار ھوجەيرىلەردىن.
ساڭا مەنسۇپ ئۇنىڭ كەلگۈسى،
قىلساڭ ئازاد چومپەردىلەردىن.

دېگىنىمىغۇ ئەمەس چومپەردە،
دېگىنىم ــ سىر ــ تىلسىمات، پىنھان.
ساڭا قۇچاق ئاچماس ھەر پەردە،
تەبىئەت ئۇ ــ شۇنداق زورئاۋان.

يېلىنغانغا باش ئەگمەس پەقەت،
بۇيرۇقلارغا قىلمايدۇ تازىم.
ئاڭا ئەقىل ـ ئىدرەك ۋە جۈرئەت،
ھەم تەۋرەنمەس ئىرادە لازىم.

شاھىنىڭ ھۆكمى بولغانىدى يەل،
سىر ئالدىدا يوقىتىپ قەددىرىن.
يەڭنى تۈرۈپ، باغلىسا كىم بەل،
كىيگەن ئىدى ئۈستىگە زەررىن...
ھاجەت ئۈچۈن قىناساڭ ئوت تەلەپ،
ئۈچقۇن بەرمەس يالقۇن ئۈچىقى.
دۇنيا سىرلىق، شۇنداق مۇرەككەپ،
سەۋەبكارغا مۇھتاج قۇچىقى.

ئۈلتىچا

مەن قىيرىپ كەتتىم،
سۆيگەن يايىرىم ئەمدى توغۇلدى.
دادامىنمۇ دېدىم،
ئانا،
ماڭىمۇ دەي،
مېنىمۇ توغقىن باشقىدىن.

ئادەملىك ھېسلىرىم

1

يۇلتۇزلار جىمىرلاپ،
كۆز قىستى.

2

يەر شارى،
ئۆكۈنمە مەندىن.
يۆتكىدىم ئاسمانغا،
بەختىمنى،
تەختىمنى سەندىن.

3

ئاختۇرماقچى بولساڭ ئىزىمنى،
قارا،
سامان يولىغا.

4

يەر شارى،
ئەي،
ئانا زېمىن.
چىداشىمدۇق،
پىراق - ھىجرانغا
شۇڭا،
لىككىدە كۆتۈرۈپ سېنى،
ئالدىم ئالقانغا.

5

ھەربىر پىلانىت،
بىر خەزىنە ماڭا.
ئانا زېمىن،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى،
بېرىمەن ساڭا.

ماۋزۇسىز

ئاشىق بىز،
بىرسىمىز — ئاي،
بىرسىمىز — قۇياش.
پىراق،
يېتەلمەستىن بىر - بىرىمىزگە،
ئۆتتۇق ئارماندا.
شۇڭا،
يولىمىزنى،
ۋاقتىمىزنى قىلساڭچۇ ئوخشاش.
ياندىشىپ مېڭىپ،
مۇڭدىشىپ دېڭىپ،
ئارمانغا يەتسەك.
تۆكمىسەك كۆز ياش،
تۆكمىسەك كۆز ياش...؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تاغ لىرىكىلىرى

(سىكىل)

## تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

## تاغلار قوينىدا

كەلگەندە ئالدىغا قامەتلىك تاغلار—
قەدىردان ئاتىدەك قوينىنى ئاچتى.
خىسلەتلىك شۇ بۈيۈك تاغلار قوينىدا
ياتسىراش دىللاردىن ئۆزىدىن—قاچتى.

بۇ يەردە قەسىرلەر بولسا، ئۇ يەردە—
تۇردۇ قەد كېرىپ رەت - رەت راۋاقلار.
تىزىلغان راۋاقلار ئاستىغا قاتار،
ساناقسىز كۈمۈش جام، ئالتۇن تاۋاقلار.

كۆرۈنەر تاۋاقلار ئۈستىدىكى تاش،
گوياكى تەبىئەت چاچقا چاچقاندەك.
ۋە ياكى ئوتقاشتەك رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر،
غۇنچىلاپ بەئەينى چېچەك ئاچقاندەك.

كىملەردۇر ئاسراپ شۇ چېچەكنى بۇندا،
ياساپتۇ تىمىك سىپىل تاشنى تاراشلاپ.
شۇ بۈيۈك مېھنەتنىڭ خاسىيىتىدىن،
ئۈنۈپتۇ گۈل - گىيا تاشنى باغاشلاپ.

ھەم بەزى جايلارغا نامەلۇم بىر كۈچ،
تاشلارنى بىرمۇ - بىر رەتلىك تىزىپتۇ.
تىزىلغان شۇ رەتلىك تاشلاردىن تېخى،
نەقىشلىك ئاجايىپ رەسىم سىزىپتۇ.

ئاھ! تاغلار، سورىغۇم كېلىدۇ سەندىن:
—نە ئۈچۈن قوينۇڭدا مۆجىزە تولا؟
ياڭاقتەك شۇ ئاددىي بىر تال تېشىڭدىن،
لاپ ئەمەس، چاقنايدۇ مىڭ خىل رەڭ - جۇلا!!

## تاغ سۈيى

تاشلاردىن - تاشلارغا سەكرىشىپ تىنماي،
ئاقىدۇ ئويناقلاپ لەرزان تاغ سۈيى.
ئۈستىدە شاۋقۇنى ئەۋجىگە تەڭكەش،
ياڭرايدۇ خۇش ناۋا بۇلبۇلنىڭ كۈيى.

ئاستىدا، ئاخشىمى ئۆزىسە تولۇنئاي،
چايقىلار كۈندۈزى قۇياش شولىسى.
بويىدا ئوتلىشار جۈپ - جۈپى بىلەن،
تارتىپ خۇش ئىپار كىيىك بالىسى.

ئەتراپى ياپ - يېشىل، رەڭدار گۈل چىمەن،
ئېچىلغان ئۇندا مىڭ - تۈمەن خىل غۇنچە.
پارلايدۇ ھەر غۇنچە بەرگىدە تىترەپ،
تاغ سۈيى چاچراتقان كۈمۈشرەڭ ئۈنچە.

تاغ سۈيى، تاغ سۈيى،
ئەي شوخ تاغ سۈيى،
چاچرىغان قەترەڭنى باغرىمغا سەپكىن.
ئىلھامىڭ پۇرۇقلاپ قايىنىغان دىلغا،
يار تۇتقان مەي كەبى سەن سىڭىپ كەتكىن!

## تاغ گۈللىرى

گۈزەللىك بابىدا تاغ گۈللىرىنىڭ،
تېپىلماس يىگانە ھۆسنىگە تەڭداش.
جۇلالىق، غۇبارسىز ھەر تال ياپرىقى،
نۇر تەپچىپ تۇرغان جىلىڭ ياقۇتقا رەڭداش.

نازلىنىپ تۇرغان شۇ ئوتقاشتەك قىزىل—
غۇنچىسى نازۇك يار لىۋىگە مىسال.
گۈزەللىك ۋەسلىگە تەشنا ھەر يۈرەك،
تاپىدۇ ئۇنىڭدىن بىر دۇنيا ۋىسال.

خىسلىتى ھۆسنىدىن يۈكسەك تېخىمۇ،
ئۈنەر ئۇ نى قورام تاشلارنى يېرىپ.
بولمايدۇ مۇھتاج ھەم پەرۋىش دېگەنگە،
يۈرمەيدۇ ھېچكىممۇ يا ئۇنى تېرىپ...

تاراتقىن ھىدىڭنى ئەي تاغ گۈللىرى،
بىر پۇراپ مۇبارەك ۋەسلىڭگە يېتەي.
دىماقنى يارغۇچى شۇ خۇش ھىدىڭدىن،
ئۆمۈرلۈك يېشىلمەس مەس بولۇپ كېتەي!

1986 - يىل سېنتەبىر، بايىنبۇلاق — غۇلجا

# ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

## شېئىرلار

ئادالەت ئابدۇرېھىم

### قاپاقنىڭ ماختىنىشى

تەمكىن ئاققان دەريا سۈيى ئۈستىدە،
لەيلەپ كەلگەن قاپاق كۆلەر قاقاقلاپ.
دەيدۇ: ئۇشبۇ دەرياغا مەن شاھ بولۇپ،
يەر زېمىنگە كەلدىم شۇنچە سۇ باشلاپ.
ئۇلۇغ بىلگەچ دەريا مېنى ماڭىدۇ،
ئىززىتىمدە، ئۈستىگە ئېپ ھاپاشلاپ.

### چۈش ئالداپتۇ

تۈن كېچىدە چۈچۈپ تۇردۇم ئورنىمدىن خۇشال،
ھاياجاندا چاپتىم ئالغا بىر يەڭنى سىيېپ.
ئاھ ئۇچۇمەن يۈرىكىمگە شادلىق بولغان جەم،
توختاپ قالدىم شۇ چاغ بىردىن ئېسىمنى تېپىپ.
چۈش ئالداپتۇ!
ھەي، چۈشۈمدە مەن ياخشى كۆرگەن،
لېكىن ماڭا باقماس جانان يېنىمغا كېلىپ.

### پىنھان تۇيغۇلار

سالام بەردىڭ، سالام بەردىم نەچچە رەت،
بىز ئاشۇنداق سالام بىلەن تونۇشتۇق.
ئۇزاق ئۆتمەي قالدۇق بىزمۇ سۆزلىشىپ،
بىر سورۇندا ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشتۇق.

بىلىپ قالدىم، يېقىپ قالدىم مەن ساڭا،
بىلىپ قالدىڭ، ياراپ قالدىڭ سەن ماڭا.
شۇندىن بۇيان سۆزلەشمىدۇق، قېچىشتۇق،
سەن يا مېنى، مەن يا سېنى كۆرسەكلا.

سالاملاشتۇق بۈگۈن يەنە يىغىندا،
قاچالمىدۇق، قاچماق ئەمەس ئەسلى بىز.
تۇرالمىدى بىر دەقىقە ئۇچرىشىپ،
بىلەلمەستىن ئۆز خۇدىنى كۆزىمىز.

قول كۆكسۈڭدە، مەن ئېگىلگەن بولسامۇ،
ھاياجاندىن كۆرمەس بولغان كۆزىمىز.
مەن پەرىشتەڭ، سەن يۈرىكىم بولساڭمۇ،
نە ئۈچۈنكىن ئوت رەڭ ئالغان يۈزىمىز.

چىقىپ كەتتىڭ قاراپ قالدىم ئارقاڭدىن،
يۈرەكلىرىم ئۆز خۇلقۇڭغا سۆيۈندى.
ۋۇجۇدۇمغا، ئارقاڭغا تېز بېقىشىڭ،
سەزگۈ بېرىپ ئىللىق تۇيغۇ پۈركۈلدى.

# ئىككى شېئىر

ئايگۈل ھەمدۇللا

## ھەسرەتلىك خىيال

نە خىيال،
بىلمەيمەن.
گاھىدا ئۆزەمچە،
تۆكۈلەر ياشىم...
نە ھالكى،
ھەر ۋاقىت.
خىيالغا پاتسام.
يۈرىكىم مۇڭلىنىپ،
ئاچچىق تولغىنىپ.
گوياكى —
قىممەتلىك نەرسەمنى يىراۋ.
بىر چاغلار مېنىڭدىن،
بۇلاپ كەتكەندەك،
نىچۈندۇر، شۇ ۋاقىت،
مېنىڭ كېچىكىپ.
ئەمدى داد - پەريادتا،
پىغان چەككەندەك.
ھەسرەتتا - ھەسرەتتە،
ئىڭرايدۇ قەلبىم.

## تەشنالىق

كېچە،
تەلمۈردىمەن بېقىپ ئاسمانغا.
يىراق - يىراقلارغا،
نە ئۈندا يۇلتۇزۇم كۆرۈنمەس،
مۆكۈۋالدىك قاياقلارغا.
ئوتۇكنى يۈرىكىمگە يېقىپ قويۇپ،
تەشنالىقنى قالدۇرۇپ ماڭا.

X X X

جىمىرلايدۇ سانسىز يۇلتۇزلار،
كۆز قىسىشىپ كۆكتە.
ئىزلەيمەن،
ئاشۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىن،
مەن يۇلتۇزۇمنى،
بىراق،
تەلمۈرۈپ باقسامۇ تاڭچىكى.
تاپالمايمەن،
توپ ئىچىدىن —
يۇلتۇزۇمنى،
تۇرغاچقا مەن تولىمۇ پەستە.

# ھايات تىلەكلىرى

(نەسىر)

مېھرىنىگۈل غوپۇر

ھايات شېرىن چۈشتىن ئويغاندى، ئۇنىڭ سېھرى قىممەتلىرى ۋۇجۇدۇمغا ئىز سېلىپ ئۆتتى. لېكىن قەلبىم سەھەردىنى سۆيگۈ ساباسى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ باھار تىنىقىدەك مەسخۇش ھىدى ھېس - تۇيغۇلىرىمەنى سىرلىق چۈشتەك يوشۇرۇپ تۇرىدۇ...

كۆزلىرىم سۆيۈمى مانالىرىنى ئىسلىغاپ ئۇپۇققا قادىلىدۇ.

نۇر تالالىرى يۈرىكىمنى ئۈمىد كۆلەڭگىلىرى بىلەن ئوراپ ھايات دېڭىزىغا تاشلايدۇ. يۈرىكىم سۆيگۈ دولقۇنلىرىدا مىنگىشىپ سۈكۈت بىلەن ۋىسال قىرغاقلىرىغا كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ھەر قەدىمى ھايات تىلەكلىرىنى كۆڭۈل ئاسمىنىدا چاقنىتىپ، لاتقىلاردىكى توختاۋسىز سولاردەك دىلىمنى ئازابلايدۇ...

ھايات سەرگۈ دېڭىزىنىڭ خۇرسىنىشى،

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

# تۇنجى ئەسەر

## ھايات يولىدىكى خىياللار

(نەسر)

شەمشىنۇر ئابدۇكېرىم



شەمشىنۇر 1969 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ سىفەن داشۆنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇۋاتىدۇ.

ئاپتور ھازىرغا قەدەر 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر يېزىپ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتىدۇ.

مەن بۈگۈن ئانامنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراپ تېز پويىز بىلەن يۇرتۇمغا قاراپ كېتىپ بارىمەن. پويىز ناھايىتى تېز ماڭغاچقا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بۈك باراخسان دەرەخلەر، ھەيۋەتلىك تاغلار، ياپيېشىل يايلاقلار، قورقۇنچلۇق تونىللار گويا سەكراتتا ياتقان ئادەمنىڭ ئۆز ئۆمۈر يولىنى كۆز يۇمغۇچە بولغان ئارىلىقتا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدەك ناھايىتى تېز ئالدىمىدىن غايىپ بولاتتى.

ئانامنى بەك سېغىنغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، يول بويى ئانام ھەققىدە خىيال قىلىپ ئولتۇردۇم. نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىمىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە بەزى ئەسلىمىلەر ماڭا يىغا ئولاشتۇراتتى. چۈنكى ئانام مېنى چوڭ قىلغۇچە كۆرمىگەن كۈنى قالمىغانىدى. دادام ...

مەن ئېسىمنى بىلگەندىن ئارتىپ دادامنىڭ بىزگە بىرەر قېتىم كۈلۈپ قارىغىنىنى، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاتىلىق مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، پېشانەمگە سۆيۈپ قويغىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن. دادام ئاپامنى، مېنى دائىم ئۇراتتى. ئاپامنىڭ ئاھۇ - زارىغا پەرۋامۇ قىلماي، ۋارقىرىغىنىچە نەلەرگىدۇر قىمار ئوينىغىلى چىقىپ كېتەتتى. ئاپام مېنى يېتىملىك كوچىلىرىدا ئاتا مېھرىنى تىلەپ بويۇن قىسىپ يۈرمىسۇن دەپ بارچە ھەسرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك قەلبىگە دەپنە قىلىۋېتەتتى. ئاپامنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا يىغلىغىنىنى ئۇچىرىتىپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى دائىم ماڭا تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى. ئىنسان دۇنياغا خۇشاللىق مۇھەببەتنى دەپ تۇغۇلىدۇ - غۇ ئاخىر! ئۇ ئاشۇنداق مېھرىبان ۋە قەيسەر ئىدى. «بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشلۇقۇم سەن» دەيتتى بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

بىر كۈنى كەچتە دادام غەرق مەستلىكتە چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ، جۇدالىق ھەسرىتىدە ئاپامنىڭ يۈرىكىنى پارە، مېنى يېتىم قىلىپ بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشقانىدى. تېخى دادىنىڭ ئاتىلىق مېھرىگە ئېرىشەلمىگەن كىچىك بالىنىڭ دادىسىنى يۈرەكلىك ھالدا «دادا» دەپ چاقىرماي تۇرۇپلا دادىسىدىن ئايرىلىشى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دادامنىڭ ئاتىلىق مېھرى ئاللىقاچان تۈگىلىنغان، ئاتىلىق مۇھەببىتىنىڭ مەشئىلى ئۆچەيلا دېگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ دادامغا بولغان پەرزەنتلىك مۇھەببىتىم ئۆچمىگەن ئىدىغۇ؟ شۇنداق قىلىپ مەن ئەقىل تېپىپ دادام بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلەشكۈدەك، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالايلا دېگەن ئاتىلىق ئوچقۇنلىرىنى گۈلخانغا ئايلاندۇرغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولغۇچە دادام بىزدىن ئايرىلدى. ئۇنى ھېچكىممۇ ئەسلىمەيتتى. پەقەت ئاپاملا ھەر پەيشەنبە كۈنى روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ تۇراتتى.

مەن ھازىر ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتىمەن. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا تۇرمۇشنىڭ قانچىلىغان سىناقلىرىغا دۇچ كېلەمەن، ئالدىمدا تېخى ھايات يولىنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن يوللىرى خۇددى سىرلىق يوللارغا ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتماقتا. بۇ يوللارنىڭ بەزىلىرى تاشلىق، بەزىلىرى باغلىق، مەن زادى قايسى يول بىلەن مېڭىشىم كېرەك؟ شۇ چاغدا ئانامنىڭ «ئوغلۇم، تۇرمۇش ھامان ھەققانىي كېلىدۇ، ئۇ ئەزەلدىن ھېچكىمگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، تۇسالغۇسىز ئازادە يۈرۈشنىڭ يول خېتىنى تارقىتىپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھاياتنىڭ قىزىل گۈلدەك چاغلىرىنى ھامان ئامراقلىق قىلىپ سوۋغىمۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى ئاشۇ قىزىل گۈلدەك چاغلارغا ئىنتىلدۈرۈپ خاراپ قىلىپ تاشلايدۇ، لېكىن، پەرھاتتەك خەتەرلىك تۇسالغۇلاردىن قورقمايدىغان پالۋانلارغا، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرىنىڭ ئىشىكىنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ، دەستە - دەستە قىزىل گۈلدەك چاغلارنى سوۋغا قىلىدۇ» دېگەن ئاۋازى جاراڭلىغاندەك بولدى - دە، چۆچۈپ خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا كۆز تىكتىم. پويىز ۋوگزالغا يېتىپ كېلەيلا دەپ قالغانىدى ...

---

پىكىر - ئويلار ئاسمىنىنىڭ كۆز يېشى، قەلب دالاسىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

ھايات تىلىكى ئاشۇ تەبەسسۇملۇق يۈزلەردىكى نۇرنىڭ بالقىشىدۇر.

ئۇ، قايناملاردا چايقىلىۋاتقان بىر يۈرەكنىڭ قەھرىلىك نەرە تارتىشىدىن تېخىمۇ يارقىن جىلۋىلىنىدۇ.

ھايات — ۋاقىت ئۇپۇقىدا تەۋرىنىپ تۇرغان كىچىككىنە قولۋاق. سەن تاسادىپىلىكتىن ئەمەس، ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئۇنى قىيغىتساڭ ئۇ ساڭا شۇنداق بىر تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇكى، سەن ئاشۇ تۇيغۇ كۈچى بىلەن دەقىق ۋاقىت ئىچىدە قۇلسىز بىر قۇلدارغا ئايلىنىسەن. شۇنداقلا سەزگۈلىرىڭ ھاياتنىڭ مۇنۇ پىچىرلاشلىرىنى سېزەلەيدۇ.

ئىنسان قايغۇلار ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئۈمىدسىزلىك قىسىرلىرىدە كۆز ئاچسا ھەر قانچە زەردار قولىدا پەپىلەنسىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ قىسمەتلىرى سەكراتتىكى تۇماننىڭ غۇۋا چۈشىدىنلا ئىبارەت! بۇ تەقدىر پەقەت ھايات قولۋىقىنى يېنىككىنە تەۋرىتىپ كۈلگەن ئىنسان ئۈچۈنلا لەززەتلىك بولار. لېكىن، مەن ئۇنداق ھاياتقا ئۆلۈم جاكالايمەن.


ئەھ، ھايات تىلەكلىرى، ئىزگۈ ئىستەكلەر، قەلبىمدە ۋىسال كېچىسىدىكى يۇلتۇزدەك ئەمەس، ھىجران قىياسىدىكى يېشىل گىيادەك يەلپۈنۈڭلار!

# مۇنازىرە سەھنىسى

## ئىزلىنىش ۋە غۇلغۇلا

(«تۇتۇق» شېئىرلار توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى)

**ياقۇپ جۇمە**



ياقۇپ جۇمە 1965 – يىلى 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنى قەشقەردە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. ھازىرغىچە ئاپتورنىڭ ھەر قايسى گېزىت – ژۇرناللاردا بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى.

ئاپتوردىن:

يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم ياشلىرىمىزنىڭ ئىزلىنىشلىرى شېئىرىيىتىمىزدە شەكىل، مەزمۇن ۋە تەپەككۇر شەكلى جەھەتتىن ئۆزگىچە بولغان بىر قىسىم شېئىرلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، كىتابخانلىرىمىز ئارىسىدا مەلۇم غۇلغۇلىلارنى پەيدا قىلماقتا. ھازىرغىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا سىستېمىلىق مۇنازىرە ماقالىلىرى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ لېكىن، بۇ شېئىرلار توغرۇلۇق كىتابخانلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىزدا ئۆزئارا كۆزقارىشىنى بىلىپ بېقىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. مەن بۇ ئارزۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ ئاخباراتچىلىقىمىزدىكى ئۆزگىچە بىر ئۇسۇلدا —بىر قىسىم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىر، ئوبزورچىلىرىمىز بىلەن 16 سوئال بويىچە سۆھبەت ئېلىپ باردىم. دېمەك، بۇ سۆھبەت خاتىرىسى زىيارەت ئوبيېكتلىرىنىڭ بۇ شېئىرلار توغرىسىدىكى ئۆزگىچە بولغان كۆزقاراشلىرىدىن، ئىزلىنىش پىكىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ — بېرىلگەن جاۋابلار ھەرگىزمۇ ئومۇملاشقان كۆز قاراش سۈپىتىدە كىتابخانلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولالمايدۇ. بۇ پەقەت يېڭى شەيئى ئۈستىدىكى ئىزلىنىشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىلا بولالايدۇ، خالاس.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ئىزلىنىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ تونۇغان ئاپتور ۋە كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ مۇنازىرە سەھنىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمەن.

**1 - سوئال:** يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلىرىمىز كىشىلەر «تۇتۇق» شېئىر دەپ ئاتىشىۋاتقان، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن ئۆزگىچە بولغان شېئىرلارنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەمىزدە ۋە كىتابخانلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا، سىز بۇ شېئىرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە بۇ شېئىرلارغا قويۇلغان «تۇتۇق» ئاتالغۇسى مۇۋاپىقمۇ، نېمە ئۈچۈن؟

**ئابدۇكېرىم خوجايوپ:**

(خوجايوپ ئاكا ئېغىر كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆپرەك پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.)

مەن ياشلارنىڭ ئىزلىنىش روھىنى جۇملىدىن مۇشۇ شېئىرلارنى باشتىن-ئاياغ قوللاپ كېلىۋاتىمەن ۋە قوللايمەن. چۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ياشلىرىمىزنىڭ قولىدا. بېنىڭچە شېئىرلارنىڭ گۇڭگا بولغىنىمۇ ياخشى. مەسىلەن: گۈلنى ئەينەكنىڭ ئالدىدا كۆرگەندىن سىرتىدا كۆرسە بىر خىل گۈزەل، جەلپ قىلارلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مەن بىر كۈنى تاغدا ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم، تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ مانان پەيدا بولۇپ كەتتى. كېيىن سوزۇلۇپ تاغنى ئاق شايى پەردىدەك ئورىۋالدى، شۇ چاغدا ئاق شايى پەردىنىڭ ئارقىدىكى يايلاپ يۈرگەن، ماللار، ئادەملەر مانان يوقتىكىدىن شۇنداق گۈزەل، جەلپ قىلارلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، مەندە شۇئان بۇ مانانلارنى قايرىۋېتىپ ھەقىقىي گۈزەللىكنى كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى، دېمەك، بۇ شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ شېئىرلارنى «گۇڭگا» دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

**قايغۇلۇق خەۋەر**

مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئەدەبىياتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجايوپ، كېسەل سەۋەبىدىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1988 - يىلى 7 - مارت ئەتىگەن سائەت تۆتتىن ئاشقاندا 59 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە «خارگو» دىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى.



**تېيىپجان ئېلىيوپ:**

(تېيىپجان ئاكا گەرچە كېسەل بولسىمۇ بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە نامايەنتى قىزغىن پوزىتسىيىدە بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.)

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام بۇ شېئىرلارنى چۈشىنەلمىدىم، شۇڭا بەھرە ئالالمىدىم،

لېكىن مەن چۈشەنمىگەچكە باشقىلارمۇ چۈشەنمەيدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكىم مېنىڭ چۈ-
شىنەلمەسلىكىم ئادەت كۈچىدىننىمىكىن. بۇ خىل شېئىرلار توغرىسىدا خەنزۇ شېئىرىيىتىدىمۇ،
سوۋېت قازاق شېئىرىيىتى ۋە ئۆزبېك شېئىرىيىتىدىمۇ غۇلغۇلا مەۋجۇت. ئەڭ ياخشىسى بۇ
شېئىرلارنى ئەمەلىيەت باھالىسۇن، خەلقنىڭ قەلبى باھالىسۇن. يېقىندىن بۇيان خېلى چۈ-
شىنىشلىك شېئىر يېزىۋاتقان بەزى ياشلىرىمىز بىردىنلا «گۇڭگا» شېئىر يازىدىغان بولۇۋاپتۇ.
بۇلار ئاڭلىق ھالدا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، ئاڭسىز ھالدىمۇ؟ ياكى بىز بىلمىگەن سىرنى بى-
لىۋالدىمۇ قانداق؟ بۇ توغرىدا ئىلمىي خاراكتېردىكى غۇلغۇلىلار بولغىنى ياخشى. تەتقىق
قىلماي پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىش تەنتەكلىك بولار، ھە، راستلا، مېنىڭچە بۇ شېئىرلار-
نى «تۇتۇق» دېگەندىن «گۇڭگا» دېگەن تۈزۈكمىكىن.

**ھەھەممەت رەھىم:**

مەن بۇ شېئىرلارنى ئازراقلا چۈشەنگەندىن باشقا ئاساسەن چۈشىنەلمىدىم. مەن شېئىر
بىلەن ھەپىلەشكىلى 40 يىلدىن ئاشتى. لېكىن مۇشۇ ۋاقىتقىچە شېئىرنىڭ ئەنئەنىسىنى، ئۇس-
لۇبىنى بۇنداق بۇزۇۋەتكەن چۈشىنىكسىز شېئىرلارنى كۆرمىدىم. مېنىڭچە ئەنئەنىۋى شېئىر-
لارمۇ بولسۇن، بۇ شېئىرلارمۇ بولسۇن، جامائەت باھالاپ قوبۇل قىلغۇدەك بولسا قوبۇل
قىلىدۇ. بولمىسا چۈشۈپ قالىدۇ، يېڭىلىقنىڭ ھەممىسىلا ئومۇملىشىۋەرمەيدۇ، بۇ شېئىرلارنى
چۈشىنىدىغانغا ئازراقمۇ يوچۇق يوق، شۇڭا بۇ شېئىرلارنى «چۈشىنىكسىز شېئىرلار»
دېگەن تۈزۈك.

**ئابدۇشۈكۈر مەممەتئىمىن:**

1 . «تۇتۇق» شېئىرلار شېئىر شەكلىدە ئۆز بەناسىنى بىر قەدەر غۇۋا ئىپادىلىگەن
شېئىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى «غۇۋا شېئىرلار» دېگەن تۈزۈك، چۈنكى، «غۇۋا» ئى-
بارىسى يىراق مۇساپىدە تۇرۇۋاتقان، كىشىگە تاغ ئورمانلىرىدىكى تاڭ مانانلىرىدەك غۇۋا
تەسىر بېرىدىغان، غۇۋالىق ئىچىگە روشەنلىكنى يوشۇرغان، ئەسلىدىن روشەن بولغان نەرسى-
گە قارىتىلغان. ۋەھالەنكى، «تۇتۇق» ئىبارىسى ئەسلىدە ئۆزىدە روشەنلىك بولمىغان، ئىلى-
شالغۇ ھالەتتىكى نەرسىگە قارىتىلغان بولىدۇ.

2 . غۇۋالىق ئەسلىدە سەنئەتنىڭ بىر ئالامىتى. چىنلىق ۋە چىنمۇ ئەمەسلىك، قىياسەن-
لىك، سىمۋوللۇق دېگەنلەرگە غۇۋالىق ئاملى يوشۇرۇنغان. بىز مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرى-
يەتنى ئۈچ چوڭ لىرىك سەنئەت دەپ قاراپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئۈچ خىل سەنئەت رېتىم-
دارلىق قانۇنىيىتىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراپ قالماستىن، رېئاللىقنى ۋە ئىنسانىنىڭ پى-
كىر ـ ھېسسىياتلىرىنى ئۆزىگە خاس لىرىكىلىق تىل ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مۇزىكا ئۆ-
چۈن بۇ خىل لىرىك تىل مېلودىيىلاشقان ئاۋاز. ئۇسسۇل ئۈچۈن بۇ خىل لىرىك تىل مى-
مىكىلاشقان بەدەن ھەرىكىتى، شېئىرىيەت ئۈچۈن بۇ خىل لىرىك تىل ماجازىلاشقان يېزىق-
تىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، مۇشۇ لىرىكىلىق بۇ ئۈچ خىل سەنئەتتە غۇۋالىقتىن ئايرىل-
غان ھالدا يۈز بېرىشى، تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇزىكىلىق ئاۋاز قۇلاق ئار-
قىلىق، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت كۆز ئارقىلىق، شېئىرىيەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇقۇلىدۇ. باشقىچە
ئېيتقاندا قوشما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۇقۇلىدۇ. مەلۇمكى، لىرىكىلىق ۋە قوشما تەسەۋۋۇر غۇۋا-
لىقى ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

uyghurkitap.com



شۇنى ئېزاھلاش ھاجەتكى، ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن سىياسەت، قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە، پەن غۇۋا بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ۋەھالەنكى، چىنلىق بىلەن بەدىئىي تولۇقمىنى، ئىنكاس بىلەن ئىپادىلەشنى، پىكىر بىلەن ھېسسىياتنى ئىستېتىك تەرزدە بىرلەشتۈرگەن سەنئەت ئەسلىدىن غۇۋالىق ئالامەتلىرىدىن خالى بولماي كەلگەن. ئۇ ئىپادىلەيدىغان نەرسە رېئاللىقنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇلغان، سىمۋوللاشتۇرۇلغان، قىياسەنلەشتۈرۈلگەن، تەسەۋۋۇرلەشتۈرۈلگەن، ئىستېتىكىلاشتۇرۇلغان بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت. بەزىلەر بەدىئىي ئوبرازنى رېئاللىقنىڭ ئۆزى دەپ قارايدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي بارلىقنىڭ ئىستېتىك ئاڭدا غۇۋالاشقان قىياسەن كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئاپروروپتا ياكى ئانىنا كارىنىنا ھەرقايسى كىشى تەسەۋۋۇردا بىردەك سۈرەت ھاسىل قىلالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋالغۇ!

3. ھېنىدىچە، شېئىرىي مەزمۇن ۋە شېئىرىي تۈيغۇ بېغىشلايدىغان، تارىختىكى ۋە ھازىرقى شېئىر شەكىللىرىنىڭ ساقلىنىش قىممىتىنى ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

ھەربىر شائىر ياكى كىتابخاننىڭ قايسى خىلدىكى شېئىر شەكىللىرىنى ياخشى كۆرۈشى دېگەن مەسىلە بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتتە قايسى خىللاردىكى شېئىرىي شەكىللەر ساقلىنىش قىممىتىگە، ئېچىلىپ ياشناش ئەركىنلىكىگە ئىگە دېگەن مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. ھەرخىل شېئىرىي شەكىللەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە شۇ خىل شەكىلدە ئىپادىلەشنى مۇۋاپىق كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، شۇنىڭدەك، شۇ خىل بەدىئىي ئېھتىياجنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئاساس قىلغان. بۇ نۇقتىدىن يېقىنچە «غۇۋا شېئىرلار»نىڭ، مەيلى ئۇنىڭ غۇۋالىق دەرىجىسى قانچىلىك بولمىسۇن مەيدانغا چىقىشى شېئىرىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ شېئىرىيەت تەسەۋۋۇرىگە ئۇيغۇن.

4. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «غۇۋالىق» نىسپىي نەرسە. شېئىرىيەتتىكى غۇۋالىق قانداقتۇر «غۇۋا قىلىش ئۈچۈن غۇۋا قىلىش»، «ئوچۇق پىكىرنى غۇۋا قىلىش»، ھەتتا خۇنۇك نەرسىنى «غۇۋا» قىلىپ يوپۇقداشنى مەقسەت قىلماسلىقى، ئەكسى ھالدا «غۇۋا»لىقتىن ئىبارەت ماجازى ۋاستە ئېچىگە ئالىيجاناب پىكىرنى مەزمۇن قىلىش كېرەك. لىرىكىلىق دېگىنىمىز نوقۇل سېنتىمىنتال ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى مەنىدارلىق ۋەزنى بىلەن، شۇ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقى، قىممىتىدىن ھاسىل بولغان قايناق ھېسسىياتتىن ئىبارەت.

مەن «غۇۋا شېئىرلار»نىڭ شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىدا يېڭى بىر شەكىل بولۇپ قىلىشىغا ئىشىنىمەن. ئۇنى تەستىقلايدىغان ياكى رەت قىلىدىغان كىشى يوق. ئۇنى تارىخ بەلگىلەيدۇ.

«غۇۋا» شېئىرلار يېڭى شەيئى. ئۇنى تارىخىي جەھەتتە چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىستېتىكىلىق جەھەتتە چۈشەندۈرۈش لازىم. ئۇ ئۆزىدە خاس شەكىل ئېچىدە يۈكسەك مەنىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، بۇنداق يۈكسەك مەنىنى پىكىر مەنتىقىسى ۋە ھېسسىيات مەنتىقىسى، تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى بويىچە كىتابخان قەلبىگە يۇتاشتۇرۇشنى بىلىشى لازىم. «غۇۋا شېئىرلار» كىتابخان قەلبىدە مەڭگۈ غۇۋا ھالەتتە قالىدىكەن، ئۇ ئۆز نىقابىنى ئېچىۋەتكەندىمۇ ئىللىق ھاياتىي كۈچ كۆرسىتەلمەيدىكەن، ئەڭ ياخشى دېگەندىمۇ ماھىر نەققاش ئىشلىگەن بۇددا ساتۇۋاغا ئوخشاپ قالىدۇ.

**تۇردى سامساق :**

يېقىندىن بۇيان يېزىلىۋاتقان بۇ شېئىرلارنىڭ ناھايىتى ياخشىلىرىمۇ چىقىۋاتىدۇ.
كىشىلەرنى رازى قىلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ بەك ئاز ساندىكىلىرى، مېنىڭچە بۇ شېئىرلارمۇ
چىقىپ باقسۇن، چۈنكى يېڭى شېئىرلارمۇ باغدىكى گۈللەرنىڭ بىرى. ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى
ئۆزگىچە بولىدۇ-دە. گەپ خەلقىمىزگە پايدىلىق بولۇش بولماسلىقىدا. مېنىڭچە بۇ شېئىر-
لارنى چۈشىنىش بىر ئاز قىيىن، مېنىڭ قارىشىمچە كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنى قەدىرلىمەسلىك
ئەڭ زور ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

**جاپپار ۋەھەت :**

بۇنداق شېئىرلارغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئالدى بىلەن شۇنى ئېيت-
تىش كېرەككى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس-
بەستە سايرىسۇن» يۆنىلىشىگە تامامەن ئۇيغۇن. ئەدەبىياتتا ھەر خىل ئېقىم، ھەر خىل ئۇس-
لۇبلارنىڭ بولۇشى ئەدەبىياتنىڭ رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. باغ سەيلىسىگە قىزىققۇ-
چىلار باغدىكى گۈللەرنىڭ بىر خىل بولۇشىغا ئەمەس، ھەر خىل بولۇشىغا قىزىقىدۇ. تاماق
يېگۈچىلەرمۇ ھەر كۈنى بىر خىل، بىر تەمدىكى تاماق يېيىشكە ئەمەس، ھەر خىل ۋە ھەر
تەمدىكى تاماقلارغا مۇھتاج. كىشىلەرنىڭ روھىي ئوزۇققا بولغان ئېھتىياجىمۇ خىلمۇ-خىللىقنى
ۋە رەڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇتۇق شېئىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشى — شېئىرىيەت گۈلزارى-
مىزنىڭ رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ روھىي تەشنالىق جەھەتتىكى بوشلۇق-
نى تولدۇردى.

تۇتۇق شېئىرلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن بىرى شۇكى، بۇنداق شېئىرلاردا ئىدى-
يىۋى مەزمۇن، شېئىرى پىكىر ۋە مۇددىئا يوشۇرۇن ياكى يېرىم يوشۇرۇن بېرىلگەچكە،
ئۇ كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، ئۇلارنى مېڭە ئىشلىتىش، مۇلاھىزە قىلىش زېھنى
ئېچىشقا باشلاپ كىرىدۇ. بىز ئۇزۇندىن بۇيان شېئىرىيەتتە ئۇقۇملاشتۇرۇش، شوئارۋازلىق،
كالىندارچىلىق خاھىشلىرىنى تەنقىدلەپ كېلىۋاتىمىز. چۈنكى، مۇنداق شېئىرلار مەلۇم پى-
كىر، مەلۇم ئىدىيە ياكى چاقىرىقنى مىسرالارغا بۆلۈپ، قاپىيىلەشكەن سۆزلەر ياردىمى بى-
لەن ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇنىڭ مىسرا ۋە قاپىيىلىرىنى ئېلىپ تاشلىساق،
ئۇ ئاددىيلا سىياسىي نۇتۇق ياكى سۆز-ئىبارىلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق
شېئىرلاردا بىز تەلەپ قىلىدىغان شېئىرىي پىكىرمۇ، شېئىرىي ھېسسىياتمۇ، شېئىرىي ئوبراز-
مۇ بولمايدۇ ياكى ناھايىتى كەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى زوقلاندۇرالمايدۇ، كىشىلەر-
نىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكەلمەيدۇ. بۇنداق شېئىرلارنى يېزىش ھەممىدىن ئاسان بولۇپ،
ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇنداق شېئىرلار خۇددى كىچىك بالىغا
«نان چايناپ بەرگەندەك» بىرەر تەييار ئۇقۇمنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، ئېزىپ ئېچكۈز-
گەچكە، ئۇنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمايدۇ. تۇتۇق شېئىرلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بو-
لۇپ، شائىرنىڭ ئېيتماقچى بولغان مۇددىئاسى مىسرالارنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەن
بولىدۇ. مۇنداق شېئىرلار شائىردىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، تەبىئەتتىكى ۋە شەيئىلەردىكى
تېخى كىشىلەر بايقاپ ئالالمىغان ئەڭ ئۇششاق دېتاللارنى خام ماتېرىيال قىلىپ، ئۇنى ھېس-

www.uyghurkitap.com



سىيات ئۇچىقىدا تاۋلاپ، بىر گەۋدە قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، سالمىقى ئېغىر بولىدۇ، شائىردىن باش قاتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشنى، كۆچەپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىتابخاندىن بۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇشنى، مۇلاھىزە قىلىشنى، ئاندىن ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنىڭ تېگىگە يېتىپ ھەزىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ كىتابخاننىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالالايدۇ ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالالايدۇ.

**قۇربان بارات:**

بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ياشلىرىمىزنىڭ بۇنداق ئىزدىنىش روھى ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بىز ئۇلارنى قوللىشىمىز ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ شېئىرلار يېزىلغاندىن بۇيان بىر قىسىم ناھايىتى ياخشى شېئىرلارمۇ مەيدانغا كەلدى. شۇنداقلا پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان «تېپىشماق»لارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ شېئىرلارنى ئاڭسىز دورىغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بۇ شېئىرلار توغرىسىدا ياخشى بولمىغان ئىنكاسلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

مېنىڭچە بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق»، «گۇڭگا»، «يىڭى» شېئىر دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شېئىرلارنىڭ شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى چاچما شېئىر شەكلىمىزدە بار، ئىشلىتىلىۋاتقىنى ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى. مېنىڭچە بۇ شېئىرلار بۇرۇنقى شېئىرلىرىمىزنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى، خۇددى چوڭ سائەتمۇ سائەت، كىچىك قول سائىتىمۇ سائەت بولغانغا ئوخشاش. شۇڭا بۇ شېئىرلارنى «مىكرو» شېئىر ياكى «كىچىك» شېئىر دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

**ئوسمانجان ساۋۇت:**

گۇڭگا دېگەن ئىسىم دەسلەپتە بۇ شېئىرلارنىڭ شەكلى ئالاھىدىلىكى يەنە بىر قارىماققا تۇتۇق-تەك ئۇقۇشسىز بولۇشتەك ئالامەتلىرىگە ئاساسلىنىپلا قويۇلغان-دە، كېيىن بۇ ئىسىم بۇ شېئىرلارنىڭ دائىمىي نامىغا ئايلىنىپ قالغان. مەلۇم مەنىدىن «گۇڭگا» دېگەن بۇ سۆزنى بۇ شېئىرلارنىڭ لەقىمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. خەنزۇ شېئىرىيىتىدە گۇڭگا شېئىرلار خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن ۋە قىزغىن مۇنازىرىگە سەۋەب بولغانىدى. ھالبۇكى كەڭ خەنزۇ شېئىر ھەۋەسمەنلىرى گۇڭگا شېئىرلارنىڭ سەركەردە ۋەكىللىرىنى تولىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. «سىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئون شائىر» دېگەن تېما بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مايىللىق سىناش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇنداق شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى قانداقتۇ يامان ئىش ئەمەس بەلكى ياخشى ئىش. شېئىرىيىتىمىز گۈلبېغىدا ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىشى، ھەر خىل گۈللەر پۇراق چېچىشى لازىم. بۇنداق شېئىرلارنىڭ مۇستەقىل ئېقىم بولۇش-بولالماسلىقىنى ۋاقىت بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي سەنئەت بولالايدۇ. ھازىرقى چاغدا بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن يېڭى شەكىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن شېئىرىيىتىمىزگە يانداشقانلىقى، ئىزدىنىش يۈرگۈزگەنلىكى، شېئىرىيىتىمىزدە ھېلىغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىجادىيلىقتا پات بولغان ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئۆزىمىزگە پاق-

مىغانلىقى نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، مۇنازىرە قىلىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىساق — ئۇلارنى خالىغانچە لەنەتلىسەك زومىگەرگە ئايلىنىپ قالىمىز. «گۇڭگا» شېئىرلار، «روشەن» شېئىرلارمۇ بولسۇنكى، ھەرگىز بىرىنى قوللاپ بىرىنى باسىدىغان ناچار، غەيرىي ئىلمىي پوزىتسىيە بولمىسۇن!

ئارسلان:

مەن بۇ شېئىرلار توغرۇلۇق سۆزلىمىسەممۇ بولار، چۈنكى مەن ھازىر شېئىر يازماي نەسرى ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن.

سىدىقھاجى روزى:

يېڭى شېئىرىيەت توغرىسىدا ھەر خىل ئىنكاسلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، ئادەت كۈچلىرى يېڭى شەكىل ۋە يېڭى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلمىغان بولسا دېمەك، بۇ ياخشى باشلىنىش ئىكەن. خەلقنىڭ گۈزەللىك تەلپى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تەلپى كۈچىيىۋاتقان بىر دەۋردە يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. خەلق ۋەدىنامە ۋە قەسەم ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلاردىن زېرىككەندى. ئەنئەنىۋى يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دۇئاگويلۇقتىن زېرىككەندى! زوقلانغۇچىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېڭىغا، ئىستېتىك تەلىپىگە يات بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يېزىۋېرىشتىن زېرىككەندى! بىرىنىڭ پىكىرىنى يەنە بىرى، ھەتتا ئۆزىنىڭ پىكىرىنى يەنە ئۆزى، يىل ئاتلاپ ئاي ئاتلاپ تەكرارلايدىغان پىكىر نامراتلىقىدىن زېرىككەندى. بۇ شېئىرلار ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە مەيدانغا كەلدى.

بۇ شېئىرلارنى «گۇڭگا» ياكى «تۇتۇق» دەپ ئېيتىشقا بولماس. بەزىلەرنىڭ شېئىرلىرىدا «گۇڭگا» لىق ئالامەتلىرىمۇ يوق ئەمەس. شېئىر ئۆز خۇسۇسىيىتىگە سادىق بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئاددىي ھادىسىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرىدۇ. لېكىن ئىستېتىك ھەقىقەتنى توغرىدىن - توغرا ئېيتىپ بەرمەيدۇ. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ساھەسىدە قاپىيىلەردىن ھالقا ياساپ ساپايە قىلىپ چېلىپ يۈرگەن كىشىلەر يازغان شېئىرلار ئازمۇ؟ شېئىر ئۇلارنىڭ قولىدا شەخسىي مۇددىئاغا يېتىشنىڭ قورالىغا ئايلانغان، «گۇڭگا» ئاتالغان شېئىرلار بولسا تۇرمۇشقا ۋە خەلققە يوشۇرۇن گۈزەللىك بىلەن يېقىنلاشقان.

ئەنۋەر ئابدۇرەھىم:

بىز ھازىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. بۈگۈنكى رېئاللىق، شائىرلىرىمىزدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ قاتماللىق، تۇرغۇنلۇق، بېكىنمىچىلىك ھالىتىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ھەم شەكلىنى دادىللىق بىلەن يېڭىلاپ، زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان شېئىرلىرى بۈگۈنكى دەۋرنىڭ مانا مۇشۇنداق يېڭى تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىدىكى ياش كۈچلەرنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش، باشلامچىلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش جاسار-

www.uyghurkitap.com



تىنى ئىپادىلەپ بەردى.

شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆلچەملىرىگە، ئەنئەنىۋى قائىدىلىرىگە چۈشمەيدىغان بۇ شېئىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ساھەسىدە فېئوداللىق مەنىۋى ئىللەتلەر بىلەن «سول» ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرى تازىلىنىپ بولمىغان، تەقلىدچىلىك، قېلىپپازلىق، شوئارۋازلىق، ئومۇملاشتۇرۇش ئىللەتلىرى ئاپەتكە ئايلىنىپ، شېئىرىيەت بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئارىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە دۇنياغا كېلىپ، بۇرۇنقىلار ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن تەپەككۇر شەكلى بىلەن تىل شەكلىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىپ، شېئىرىيىتىمىزدە داۋالغۇش، جانلىنىش ۋەزىيىتى پەيدا قىلدى. گەرچە بۇ شېئىرلارنىڭ سۈپىتى، قىممىتى، ئۇنۇمى بىردەك بولمىسىمۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە خېلى ئېغىر نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەنئەنىلەرنىڭ رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىكى قاتمال ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى.

باشقىلارنىڭ قانداق ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ شېئىرلارنى تا ھازىرغىچە «تۇتۇق شېئىرلار» ياكى «گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتاپ كۆرمىدىم. چۈنكى مەن بۇنداق ئاتاشنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمەن.

مەلۇمكى، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك ئېڭى بىلەن زوقلىنىش ئىقتىدارىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇ خىل رېئاللىق شېئىرى مەزمۇنىنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھەم مۇرەككەپلىشىشىدىن شېئىرىي مەزمۇن تۇتۇقلاشقاندەك، گۇڭگىلاشقاندەك، يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك نەتىجە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە،

بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەزمۇنى ئاددىي، يۈزە، تېيىز ھەم يالىڭاچ شېئىرلارنى كۆپ ئوقۇپ، شۇنىڭدەك شېئىرلارنى ئادەتكە ئايلانغان تەپەككۇر شەكلى بىلەنلا كۆزىتىپ، يامان ئۆگىنىپ قالدۇق. شۇڭلاشقا پىكرى چوڭقۇر، مەزمۇنى مۇرەككەپ شېئىرلار بىزگە غەلىتە، سىرلىق ھەم چۈشىنىكسىز تۇيۇلىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن مۇرەككەپلىكى شېئىرىي پىكىرنى زومۇ-زو يوشۇرۇپ، شېئىرنى ئۇنىڭ ئاپتورىدىن باشقا ئادەم يېشەلمەيدىغان غەلىتە تېپىشماققا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق «شېئىر»لارمۇ مەيدانغا چىقتى. شۇڭا كونكرېت شېئىرنى كونكرېت تەھلىل قىلماستىن، ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلارنى ئورۇنسىز ئەيىبلاش ياكى بىر تاياقتا ھەيدەش توغرا ئەمەس. ئاجىزلىق كونكرېت شېئىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ياكى كونكرېت كىتابخاننىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىدىمۇ دېگەن مەسىلىنى ئىنىقلىماي تۇرۇپ، شائىر بىلەن كىتابخانغا ئادىل باھا بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلىۋاتقان شېئىرلارنى قارا قويۇق «تۇتۇق» ياكى «گۇڭگا» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە ئاشۇ تۇتۇقلۇقنىڭ مەنبەسىنى، سەۋەبىنى تاپقان تۈزۈك.

**ئىلغارجان سادىق:**

ھەر قانداق يېڭى بىر كۈچ دەسلەپ مەيدانغا كەلگەندە ھامان قارشىلىققا، توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت بولسا كېرەك. يېڭىلىق بولغانىكەن ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئەمدى باشقىلار تەرىپىدىن «تۇتۇق شېئىرلار» دەپ ئاتىلىۋاتقان شېئىرلارغا كەلسەك مەن مۇشۇ «تۇتۇق» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىگىلا قارشى. مەن شېئىر يازغاندا ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ۋە شېئىردىن بەلگىلىك بەدىئىي زوق ئېلىشىنى ئويلايمەن، شېئىرنىڭ تۇتۇق بولۇشىنى ئويلىمايمەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىمۇ ئىسلاھ قىلىش كېرەك. مۇشۇ ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرىيىتى بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش.

**باتۇر روزى:**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىتابخانلار بىلەن شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يىراقلىشىش پەيدا بولدى. شېئىرىيەت سۇبيېكتىپ ماھىيىتىنى يوقىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى كەمسىتىدىغان چاكىنا ۋە يالغان ھېسسىيات بىلەن تولۇپ تاشتى. بۇ خىل ئەجەلگە يۈز تۇتقان شېئىرىيەت تەبىئىي ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىۋى ئىقتىدارىنى كۈيلەيدىغان ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتتىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان ئىجادىي ئىقتىدارىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن شېئىرىيەتتىكى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدىغان يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيىتىنى بەلگىلىدى.

**پەرھات ئىلياس:**

ھازىر بارلىققا كەلگەن يېڭىچە شېئىرلارنى بەزى كىشىلەر «تۇتۇق شېئىر» دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئاتاش قىلچە ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەس، ئۇ يېڭى شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن سىرلىق ياكى چۈشىنىكسىز بولۇپ تۇيۇلغان بىر شەيئى ئاشكارا بولسىلا ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا «تۇتۇق» ئاتالغۇسى يېڭى شېئىرىيەتنىڭ بۈگۈنى شۇنداقلا ئەتىسى ئۈچۈن تولۇق ماس كەلمەيدۇ.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:**

ئۇيغۇرلار سەنئەتخۇمار خەلق. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق ھاياتى رەڭگارەڭ ۋە خىلمۇ خىل سەنئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا كۆز سالساق بىر قانچە ئالتۇن دەۋرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ ئالالايمىز. بۇ ئالتۇن دەۋرلەر باشقىلارنىڭ ئىلغار سىزىملىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەپسۇسكى، يېقىنقى تارىخىمىزدىكى شېئىر سەنئىتى ھەقىقەتەن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشۋىقات ئېھتىياجلىرىنىڭ مۇپەسسەل چاكىرى بولۇپ قالدى. سەنئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكتە ئايرىلىق پەيدا بولۇپ ۋە بۇ ئايرىلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زورايدى، شېئىرىيەتكە ئاسىيلىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان بىلەن سەنئەت بەئەينى باشقا - باشقا نەرسىگە ئايلاندى. شېئىر سۈنئىيلىك، ئىچكى دۇنياغا بولغان ئاڭسىز

ساداقەتسىزلىكىنىڭ تاپىنى ئاستىدا خورلاندى، ھەتتا، شېئىر سەنئىتى تاپاۋەت قورالىغىمۇ ئايلاندى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغان تىراگېدىيە كېلىپ چىقتى. تىراگېدىيىنىڭ سەۋەبچىلىرى ئاتقا مىنىپ گۈل سەيلىسى قىلدى. مەلۇمكى، ھازىر شېئىر كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئالدامچى نەرسە بولۇپ قالدى. سەنئىتىمىزدە بوشلۇق شەكىللىنىپ رەزىل تۇمانلار بىلەن قاپلاندى. كىشىلەرنىڭ روھى قانداقتۇ بىر چاقماقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېڭى سادالار تەبىئىي رەۋىشتە پەيدا بولدى. بۇ سادانىڭ ياخشىلىقى شۇ يەردىكى دولقۇن، ئەجەپلىنىش، غەزەپلىنىش، چۆچۈش...پەيدا قىلالىدى.


ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ھازىر نوقۇل ھالدا شەكىللا پەيدا بولمىدى، ئاساسلىقى تەپەككۇر.

**پولات ھېۋىزۇللا:**

مېنىڭچە ئۇلار ئىنتىلىپ كەلگەن بەدىئىي ئارتۇقچىلىق پىكىرنى ھەرگىزمۇ يالىڭاچ ئىپادىلەشتىن قۇتۇلۇپ بەدىئىي ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەس، ياكى پىكىرنى يوشۇرۇن بېرىپ كىتابخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىنتىلىپ كەلگىنى بۇنىڭدىنمۇ يىراق نىشان. ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىنىڭ ئىستېتىك ئېڭى مۇرەككەپلەشتى. شۇڭا ئۇلار ئاقىۋەت شېئىردىن تولىمۇ تار بىرلا مەركىزىي ئىدىيىدىكى مەزمۇننى ئەمەس بەلكى باغلىنىشچانلىققا ئىگە، بىر گەۋدىگە ئۇيۇشقان لېكىن كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك، كۆپ يۆنىلىشلىك شارسىمان سىتېرېئولۇق مەزمۇننى تەلەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ ياش شائىرلار ئەمەلگە ئاشۇرغان ياكى ئاشۇرماقچى بولغان بەدىئىي ئوبراز ئۈچ ھۆكۈملۈك پىكىرنى ئوبرازلىق تەپەككۇر تەرىزىدە ئىپادىلەشنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىسى ئەمەس بەلكى، مۇرەككەپ چوڭقۇر بوشلۇققا ئىگە شېئىرىي مەزمۇننىڭ ئۆزى ياكى تەركىبىي قىسمى. يوشۇرۇنلۇق مەقسەت ئەمەس نەتىجە. ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى مۇقىملىقىدىلا ئەمەس مۇقىمسىزلىقىنىمۇ، روشەنلىكىدىلا ئەمەس غۇۋالىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنسان روھى. ئىنسان روھىنى چۈشىنىشنىڭ مۇساپىسى چەكسىز ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى بۇ چەكسىز مۇساپىدە ئۆز ھېسسىياتلىق تەپەككۇرىنىڭ يېتىپ بارغان ئەڭ يىراق نۇقتىسى.

شېئىرىي كارتىنىنىڭ ئۆزى ئېتىلگەن مۇقىم سىستېما، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرىكەت ئاتا قىلىدىغان ھەم ئۇنىڭدىن چىقىش نۇقتىسى ۋە نىشانىنى قوبۇل قىلىدىغان تەپەككۇر — تەسەۋۋۇر ئېچىۋېتىلگەن تۇراقسىز سىستېما. شۇڭا كىتابخان ئۆز تەپەككۇرىنى شېئىرنىڭ ئىچىگە چەكلەپ قويماي شېئىردىن ھالقىتىدۇ ۋە ھالقىتىشى كېرەك. شۇڭا شېئىر بىلەن كىتابخاننىڭ ئەركىن تەپەككۇرى ئارىلىقىدا راۋان ئۆتۈشمە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

ئەگەر بۇنداق شېئىرلار تېپىشماققا ئوخشىتىلسا ئۇنداقتا تېپىشماقنىڭ جاۋابى شائىردا ئەمەس، بەلكى شائىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كىتابخانلارنىڭ قولىدادۇر. شائىر ھەرگىزمۇ جاۋابنى يوشۇرغۇچى ئەمەس. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ جاۋابنى ئىزدىگۈچى. سۇبيېكتىپ دۇنيانى قېزىشتا قېزىپ چىقارغاننى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە تەڭ قېزىش، تەڭ ئىزدەش توغرا كەلسە كېرەك. بىز بۇرۇن ئۆزىمىز بەلگىلىۋالغان تولىمۇ تار ئىجتىمائىي ئېڭىمىز تەرىپىدىن ھەممە نەرسىلەرنى ئالدىن مۇتلەق مۇقىملاشتۇرۇپ كەلدۇق، بۇ مۇقىملاشتۇرۇشلار تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى شەكلىگە ئەمەس تۆۋەن قاتمال دەرىجىسىگە تەۋە بولۇپ كەلدى.



# شېئىرىيەتتىكى 22 خىل نىزام

شېن شېن

## — يېڭى دەۋر 10 يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيىسىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدىكى دىئالوگلار

(پولات ھېۋىزۇللا تەرجىمىسى)

(بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

### 5. بۇگۈن ۋە ئەتە

ئا: تارىختا بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى دائىم زامانداشلىرى تەرىپىدىن ئەمەس بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ئېتىبارلىنىدۇ. شۇڭا كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش شائىرلارنىڭ ئىنتىلىشىدۇر.

ب: مۇبادا مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ئىجادىيىتىمىزنىڭ مەقسىتى قىلىۋالساق ئۇنداقتا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «كەلگۈسى كىشىلىرى» نىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن شېئىر يازسا بۈگۈنكى ئەدەبىياتنىڭ تارىخىنى قانداق يېزىش كېرەك؟ تارىختىكى سانسىز پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى: بۈگۈنكى دەۋر روھى قانچىلىك قويۇق بولغانسېرى بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ھېسسىياتىنى قانچە چوڭقۇر ئىپادىلىگەنسېرى بۇنداق ئەسەرلەر ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەسىرلەردىن ھالقىغان ئېسىل ئەسەرگە ئايلىنىدۇ.

ئا: سەن يەنە دۇفۇ، لىبەيلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشىڭ مۇمكىن.

ب: مەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇنداق چۈشەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن — بۇ شائىرنىڭ شېئىرى ئەسىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

ئا: بۇنى رېئاللىققا نەزەر تاشلىغان، تاشلىمىغانلىقىغا خۇلاسىلەپ قويۇشقا بولمايدۇ! نەچچە يۈز يىل كېيىنكى دەۋردىكىلەر ئۈچۈن شېئىر يازغانلار بەلكىم ئىستېتىكا نۇقتىسىدىن ئىنتىلىشقا ئىگە مەزمۇت شائىرلاردۇر. بۇ شائىرلاردىن ئۆزىنىڭ ئىستېتىكىلىق ئىنتىلىشىنى تۆۋەنلىتىپ كىتابخانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىستېتىكىلىق ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ب: بىمەنىلىك! شائىرنىڭ كىتابخانلارنى تاللاش ئەركىنلىكى بولۇپلا قال-ماستىن، كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بۇرچى بار. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى سەنئەتكارلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى مىل-لەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ كەلگەن. بىزگۈنگى بۇنداق كىتابخانلارغا يۈزلىنىشتە مۇبادا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى ئۆستۈرەلمىسە ئۇنداقتا نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئۇلار قانداقسىگە بۇ خىل يۇقىرى سەۋىيىلىك شېئىرلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلىسۇن؟ بۇ قاتمۇ-قات زىددىيەتلىك ھادىسە ئەمەسمۇ؟

ئا: ھەقىقىي شائىردا مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى بولمايدۇ.

ب: بۇنداق دېيىلسە ئۇنداقتا بۇ «ھەقىقىي شائىر» باشقىلارنىڭ ھەقىقىي بولمىغان شائىر بولۇپ كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى-نى ئۆستۈرىدىغان «مەنپەئەتپەرەسلىك» ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئاندىن ئىس-تېتىك زوقى ئۆستۈرۈلگەن كىتابخانلارنىڭ ھەقىقىي شائىرنى تونۇشىنى ئۈمىد قى-لىدۇ.

ئا: بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ. ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن ئىككى خىل سەنئەتكار مەۋ-جۇت. بىر خىلى ئەنئەنىنىڭ ۋارىسلىرى، يەنە بىر خىلى ئەنئەنىنىڭ ئاسىيلىرى.

ب: ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھازىر كىشىلەر دائىم تىلغا ئالىدىغان ئەنئەنىچىلەر ۋە مودېرنىزىمچىلاردۇر. ئەنئەنىچىلەر ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بەك ئېتىبار بېرىدۇ. مودېرنىزىمچىلار بولسا چەتتىن ئەكىرىشكە بەك ئېتىبار بېرىدۇ شۇنداقمۇ؟

## 6. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئېلىپ كىرىش

ئا: يېڭى دەۋردىكى ئون يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ بېكىنمىچىلىك ھالى-تىنى بۇزۇپ تاشلاپ چەتئەلنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى نۇرغۇن ئۇزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ مودېرنىزىم شېئىرىيىتىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئەنئەنىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى ۋە نۇرغۇنلۇق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ب: يېڭى دەۋر ئون يىللىق شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە كۆرۈلگەن مەلۇم كەمچىلىك ۋە ئېي-زىقىشلارنىڭ سەۋەبى مودېرنىزىم پىكىرلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشى ئاستىدا بەزى شائىرلار-نىڭ نېتسىينىڭ ئىنساندىن ھالقىغان پەلسەپىسىنىڭ فىروئىدنىڭ جىنسىي پىسخولوگىيىسى-نىڭ ساتىرىنىڭ مەۋجۇتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نەزەرىيىدىكى قالايمى-قانچىلىق ۋە ئىجادىيەتتىكى ئېزىقىشلاردا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

ئا: سەنئەت ئۇسۇلىدا يەنىلا نۇرغۇن ئۈنۈملۈك يېڭىلاشلار بار. بۇ خىل يېڭىلاشنىڭ ئۆزى سەنئەتكارنىڭ جۈرئىتى — ئەنئەنىگە قارشى چىقىش روھىنى نامايان قىلىدۇ.

ب: بىراق شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، جۇڭگو ئەنئەنىسىگە قارشى چىقىش بىلەن بەزى شائىرلارنىڭ غەرب مودېرنىزم سەنئىتى ئالدىدىكى مۇتەئەسسىپلىك پوزىتسىيىسىنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، غەرب مودېرنىزمىمۇ بىر خىل ئەنئەنە. بىراق بىزنىڭ بەزى شائىرلىرىمىزدا بۇ خىل ئەنئەنىگە نىسبەتەن تەنقىدىي روھ كەم، ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلدى، ئومۇمىيۈزلۈك تەقلىد قىلدى.

ئا: ھازىرقى دۇنيا سەنئىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆزئارا بىرىكىشتۇر. ئىنسانىيەت ئېڭىغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

ب: ئۇنداقتا شېئىرنىڭ مىللىيلىكى قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ شېئىر مەڭگۈ مىللەتنىڭ، ئۇنىڭ ھېسسىيات شەكلى تىلىنىڭ مۇزىكىدارلىقى قاتارلىقلار شېئىرنىڭ مىللىيلىكىنى بەلگىلىگەن.

7. مىللەت بىلەن دۇنيا

ئا: ئەمەلىيەت ئالدىقاچان شۇنى ئىسپاتلىغان:

بەزى مودېرنىستلار، «غۇۋا شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرى» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەر تەرىپىدىن تەرجىمە نەشر قىلىندى. لېكىن ئۇلار دۆلەت ئىچىدە نەشرىيات ساھەسىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ: ئېلىپ كىرىشكە ماھىر بولغاندىلا دۇنياغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

ب: مەنمۇ غەربتىكى بىر خەنزۇشۇناسنىڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان بەزى شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلماق تولىمۇ ئاسانلىقى شېئىرلىرىنىڭ چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئەكسى تەرەپتىن شۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بىر خىل جەم بولۇش ئاساسىدىكى ماسلىشىش-تەڭكەش بولۇش شەكلى. بۇ پەقەت جۇڭگودىمۇ سەنئەتتە ئۇلارغا ئوخشاپراق كەتكەن شائىرلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئورتاقلىشىش ئاساسىدىكى قوبۇل قىلىش شەكلى بولۇپ، ھەرگىزمۇ سەنئەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش پەيدا قىلغان ئەۋزەل كۆرۈنۈشنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئا: بىراق سەن ئېيتقان ئاشۇ مىللىيلىككە ئىگە شائىرلار چەت ئەلدە زور تەسىر پەيدا قىلالمىدى.

ب: خۇددى ئىقتىسادتا ئىچىۋېتىش ئېلىپ بارغاندىكىدەك مەدەنىي ئالاقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىمۇ «ھايانكەش سودىگەر» نىڭ سەنئىتى بازار تاپىدۇ. خۇددى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەپسانىۋى رېئالىزمىغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ

دىققىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا قوزغاشتا ئاشۇنداق شەرق ھازىرقى زامان ئېڭىغا ئىگە شەرق زېمىنىدا ئۆسۈپ پەيدا بولغان شېئىرلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ شېئىرلارنى بىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن چەتئەلنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭقۇر مەدەنىيەتنى چۈشىنىش جەريانى كېرەك. بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئېلىپ كىرىش چەتكە قېقىلمايدۇ. چوشقا گۆشىنى يەپ، چوشقىغا ئايلىنىدىغان، ساتىرىنىڭكىنى ئوقۇپ مەۋجۇدىيەتچىلىكنىڭ مۇرتىغا ئايلىنىدىغان بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى «دۇنياغا يۈزلىنىش» بىلەن ئاسمان زېمىن پەرقلىنىدۇ.

ئا: سەن شۇنى كۆرۈشۈڭ كېرەككى، «مىللىيلىشىش» دېگەن بۇ شوئار ئۇزۇندىن بۇيان بىر خىل سەنئەت مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ شوئارى بولۇپ كەلدى. ھەتتا يېڭىلىق يارىتقۇچىلارنى ئەدەبلەيدىغان توقماققا ئايلاندى.

ب: ھەممىگە مەلۇم، شېئىر مىللىي روھنىڭ گۈلى. مىللىيلىشىشنى تاشقى نىقابلىنىش دەپ قارىماي، بەلكى مىللىي روھ، مىللىي كەيپىيات، مىللىي پسىخولوگىيە شائىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنە مىللىي قەيسەرلىك دەپ قاراش كېرەك. مۇتەئەسسىپلەر بار، شۇنداقتىمۇ يېڭىلاش مىللەتنىڭ روھى ۋە ئېڭىنى چۆرۈپ تاشلىسا شېئىر ئۆز جېنىنى يوقىتىدۇ.

### 8. يېڭىلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىك

ئا: سەن چەتئەل شېئىرىيىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشنىڭ يېڭى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئەكەلگەن يېڭىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك. مەسىلەن، سىمۋولىستىك ئۇسۇل، تەسەۋۋۇرنىڭ يېڭىچە، تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش، قىسقارتىۋېتىش، بوشلۇق قالدۇرۇش ۋە سەكرەتمىلىك، جۈملە شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى خاتا قۇراشتۇرۇش سۆزلۈكلەرنىڭ جانلىق ئىشلىتىلىشى، ئابستراكىت سۆز بىلەن كونكرېت سۆزنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلىنىشى قاتارلىقلار شېئىرىيەتنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ شېئىر تىلىغا زور ئۇنۇم بەخش ئېتىش بىلەن شېئىرىيەتنى سەنئەتتە بىر خىل سۈپەت يېڭىلاشقا ئىگە قىلدى.

ب: مەن بۇنىڭ بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن. بەلكى بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش شائىر تالانتىنى يېتەرلىك نامايان قىلالايدۇ دەپ قارايمەن. بىراق ئەگەر مۇشۇلارلا يېڭىلىق يارىتىش دەپ قارالسا، بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ياكى يېڭى مودىدىكى كىيىمنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ. — كىيىممۇ مەدەنىيەت ئەمەسمۇ، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مودا ناخشا، مودا جۈملە شەكلى، مودا ماۋزۇ، مودا… لار

كۆپەيدى. بۇ خىل ئىجادىيەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشقا ماھىر بولغىنى بىلەن خاراكتېرسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ماھىيەتتىن ئېيتقاندا ئۇ مۇستەقىل ئىجادىيەت ئەمەس، ھەر قانداق شائىرنىڭ مۇشۇ تۈردىكى نەرسىلىرى بىلەن شېئىرىيەت تارىخىدا مەزمۇت ئورۇنغا ئىگە بولۇش تەس.

ئا: شېئىرىيەت سەنئەتتۇر. سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەلۋەتتە سەنئەتتىكى يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۆلچىمىدۇر. رەسىم سىزىشنى ئېلىپ ئېيتساق، تەسىراتچىلارنىڭ، چېكىتمە رەڭچىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئاشۇ بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش، ماھارەتتىكى ئۆزگىرىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىش ئەمەسمۇ؟

ب: — تېخىمۇ مۇھىمى سەنئەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىستېتىك قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى! بەزى شائىرلارنىڭ سەنئەت شەكىللىرى تولىمۇ يېڭى، غەلىتە. ئەمما تۈپ قارىشى بولسا تولىمۇ كونا — غەربنىڭ كونا مېلى ياكى جۇڭگونىڭ ئاسارە-ئەتىقىسى. بۇ يەردە مەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەيدانغا چىققان مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنى جۇڭگونىڭ بۇرۇندىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن كونا ماللىرىنى كونا دەپ قارايمەن.

ئا: سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭدە يېڭىلىق يوق.

ب: ياق! شۇتىڭنىڭ «ئىلاھىيە چوققىسى» ئىپادىلىگەن ئويغىنىش ئېڭى بىلەن بۆسۈش ئېڭى ئەنئەنىۋى قاراشقا نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلاشتۇر. بېيداۋنىڭ «جاۋاب» ئەسىرىمۇ رېئاللىققا نىسبەتەن قىزغىن تەنقىدىي روھ ۋە چوڭقۇر كۆزىتىشنى ئىپادىلىگەن. بۇ رېئالىزىملىق بىلىشكە نىسبەتەن بىر خىل يېڭىلاشتۇر. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى كۆتۈرۈپ چىقىمەنكى، مېنىڭچە ئۇلار ماھىيەتتە مودېرنىزمغا تەۋە ئەمەس. بىراق نۇرغۇنلىغان بىر قەدەر «مۇتەئەسسىپ» دەپ قارالغان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىستېتىك يېڭى ئىنتىلىش، قاراشتىكى يېڭى ئاڭ كىشىلەر تەرىپىدىن نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ كەلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

جوزىغا قايتىپ كېلىپ تاڭ چۈنشيا گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كۆپچىلىككە:

— قانچە قىلغان بىلەن قەدىناس ساۋاقداش ئەمەسمۇ، شىپىڭ مېنى چوقۇم ئۆيىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى! — دېدى.

شۇكۈنى ئاخشىمى تاڭ چۈنشيانىڭ كەيپى سازلىنىپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ كەتتى، كەڭ تارقالغان بىر مۇزىكىنى ئاغزىدا ئىسقىرتقىنىچە ئۆيىگە كەلدى. خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— بەكلا خۇشالغۇ سەن، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن خۇشال بولماي كىم خۇشال بولاتتى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

ئۇخلاش ۋاقتىدا، ئۇ خوتۇنىغا جىددىي تەرىزدە:

ئەتە كەچتە ئىككىمىز بىللە جەن فۇشىجاڭنى يوقلاپ كېلەيلى! — دېدى.


— قايسى جەن فۇشىجاڭ؟

— مېنىڭ قەدىناس ساۋاقدىشىم بولمامدۇ!

# ئاتا كەچۈرمىدۇ، بىراق بالىلار...

( ھېكايە )

پاتىگۈل سابىتوۋا



س س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى پاتىگۈل سابىتوۋا 1936 - يىل 27 - دېكابىر غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1955 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يىلى قازاق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان ھەم قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناس بۆلۈمىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ھازىر ئۇيغۇرشۇناس ئىنستىتۇتىدا چوڭ ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ «بىزنىڭ سىنىنىپ بالىلىرى»، «مېنىڭ كىچىك دوستلىرىم»، «كۆيۈمچان ھەمراھ»، «كىم ئەيىبلىك» قاتارلىق بالىلار ھېكايىلىرى توپلاملىرى، «دوستلار» ناملىق پوۋېستلار ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» نى يېزىشقا قاتناشقان.

ئىشىكنى كىمدۇ بىرى چەكتى. سالامەت يېزىۋاتقان دىپلوم ئىشىنى توختىتىپ، ئۆز خىياللىرىدىن ئۈزۈلمىگەن ھالدا ئىشىكنى ئاچتى-دە، كەلگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ، بىر دەقىقە ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولدى. ئۇلار بىلەن تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىپ، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، رەسمىيەت بويىچە يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سوراشتى. ئۆي ئىگىسى چاي تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانا تەرەپكە چىقىپ كەتتى. خاس، ئۆزلىرى قالغان مېھمانلار پاكىز ۋە ئازادە ياسالغان ئۆي ئىچىگە تەكشى سەپ سېلىپ، قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— دېگەن بىلەن سالامەتخان شارائىتى ياخشى، كەڭ ئۆيلەردىن ئېلىۋالغانكەن،— دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ساۋۇت ئاكا.

— ھە...ئە... ئۇنداق ئىشلارغا سالامەت پىششىق، ئىشلىگەن جايىدىن ئالغانمىش،— سۆز قاتتى يېشى ئاتمىشلارغا كېلىپ قالغان ئاۋۇت ناسىروپ.

ئاشخانىچە پەتنۇستا نان، تاتلىق-تۈرۈم ۋە چاي دەملەنگەن چەينەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرگەن سالامەت، داستىلىنى راسلاپ، مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئوبدان دەملەنگەن پۇراقلىق ھىندى چېيىدىن بىر-ئىككى پىيالە ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى باسقان مېھمانلار بىر دەقىقە گەپنىڭ ئۇچىنى تاپالماي، سالامەت بىلەن بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى. سالامەت ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بەرسىمۇ، خىيالىرى ئاللىقاياقلارغا قانات قېقىپ، كۆڭلى پەرىشان بولاتتى. «مەن بۇلارنى كۆرمىگىلى ئون نەچچە يىل بولغان،— دەيتتى ئىچىدە،— ئەجەپ مېنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتىغۇ. نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟!— ئۇنىڭ

ئەقلى ھېچنەرسىگە يەتمەيتتى، — ئەگەر مېنى يوقلاپ كېلىش ئويى بولسا، شۇنچە يىللاردىن بېرى نەدە يۈرگەن؟... ياق، بۇلار بىكار كەلمىدى. قىزىقى، نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟!...»

مېھمانلار يەنە بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن:

— سالامەت، ئېھتىمال بىزنىڭ كەلگىنىمىزگە ھەيران بولۇۋاتقانسىز، — دەپ سۆز باشلىدى ساۋۇت ئاكا، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەيدۇ. ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز، ئالدىڭىزغا باش ئېگىپ كەلدۇق.

«بۇلار قىزىمغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇ-دە»، دېگەن خىيال سالامەتنىڭ بېشىدىن چاقماق چېقىلغاندەك ئۆتتى-دە، تاقەتسىزلىنىپ مېھماننىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— قىزىم تېخى كىچىك، ئىنستىتۇتنىڭ بىرىنچى كۇرسىدا ئوقۇۋاتىدۇ، — دەۋەتتى.

ئەلچىلەر نېمىشقىدۇ دەررۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن سالامەتنى خاتىرجەملەندۈرۈش ئۈچۈن:

— سۆزىڭىز ئاغزىڭىزدا، بىز دۆرنەمنىڭ ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ قىزنىڭ خالىغانچە ئوقۇشى كېرەك. ئۇنىڭغا بىزمۇ، دادىسىمۇ خۇرسەنت، — مېھمان دادىسى دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىپ، كەينىدىن «ئۆھۆ» دەپ قىسقا يۆتىلىپ قويدى، — ھە بىز... دەپ سۆزىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ئەلچى بولۇپ كەپسىلەر-دە؟ — سالامەت ئەلچىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاردى.

ئەلچىلەر بىر مىنۇتتەك جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى-دە:

— سالامەت، بالىلار بولسا چوڭ بولۇپ قاپتۇ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ساۋۇتكام، — قانچە دېگەن بىلەن بالىلارغىمۇ ئاتىسىز يۈرۈش قىيىن. كىچىكىدە ئاتىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن بىلەن چوڭ بولغاندا بىلىدۇ. ئاتىسىز بالىلار بەكباش بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىپ، ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم كېرەك. بالىلار قانچە چوڭ بولغانسېرى، دەردىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش سىزگە، ئەلۋەتتە ئېغىر كېلىدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ مۇشۇ يېرىدە بىر تىنىپ ئالدى-دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى ياشلىقتا كىم خاتا قىلمايدۇ دەيسىز. چاپپار ياشلىقىدا خاتا قىلغىنىنى چۈشىنىپ، ھازىر پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي يۈرىدۇ. ئۇرغۇن ئىسسىق-سوغنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى.

سالامەت بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقماقچى بولغاندەك ئويلىنىپ قالدى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ۋاھىتكام سۆز قاتتى:

— سالامەت، سىز شۇ نەرسىنى ئويلاڭكى، مانا بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، يەنە ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغدا قاقتان قوزۇقتەك ئۆيدە يالغۇز قالىسىز، ئەتە-ئاخشىمى مۇڭداشقىلىمۇ بىرەر ئادەمنىڭ بولغىنى ياخشى. شۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ، بالىلارنى بېقىپ كەپسىز، ئەمدى ياتلاردىن كۆرە قانچە قىلغان بىلەن بالىلارنىڭ ئۆز ئاتىسى چاپپار بىلەن يارىشى-

www.uyghurkitap.com

ۋالساڭلار، ئۆيۈڭلار تېخىمۇ گۈل بولار ئىدى.

— خاپا بولمايسىز سالامەت، — ئەمدى نۆۋەت بىلەن سۆزگە ئارىلاشتى مەخمۇتكام، — تەگمىسەڭ تېرىق، تەگمىسەڭ ئېرىق دەيدۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىڭ، جاپپار ئىككىڭلار بۇندىن كېيىنكى ھاياتىڭلاردا ياخشى خوپ بولۇپ ئۆتسەڭلار ھازىرمۇ كەچ ئەمەس، ئۆمرۈڭلارنىڭ تولىسى تېخى ئالدىڭلاردا، — ئۇ جاۋاب كۈتكەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ سالامەتكە قارىدى. شۇكەمگىچە ئىككى بالىسى بىلەن ھاياتنىڭ ھەر خىل دولقۇنلىرىدا ئۈزۈپ يۈرگەن سالامەتنىڭ ئوي-خىياللىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆمۈرنىڭ ھەم يورۇق، ھەم قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە گۇۋاھچى بولغان بۇ ئادەملەرنى كۆرگەندە تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئېغىر، جاپاكەش پەيتلىرىنى ئەسلەيتتى-دە، ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەيتتى.

ئايال دېگەن ئايالغۇ، كۆڭلى دەريا. بەزىدە ھايات قىستاڭلىرىدا ئىككى كۆز جەۋھىرىدىن ياش ئورنىغا قان تۆكۈپ يىغلىسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇشقا، كەچۈرۈشكە ماقۇل. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىلەرگە:

— بالىلىرىم كىچىكىدىن ئاتا مېھرىنى بىلمەي ئۆستى. بالىغا ئانا قانداق كېرەك بولسا، ئاتىمۇ شۇنداق كېرەك ئىكەن. شۇنى ئويلىغاندا بەزىدە بالىلار ئالدىدا ئۆزەمنىمۇ ئەيىبلىك دەپ ھېس قىلىمەن. مەيلى، ھازىر بولسىمۇ بۇ ئىشنى بالىلارغا سېلىپ كۆرەي، كۆرەرمىز، — دېدى.

* * *

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، سالامەت يېزىۋاتقان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئولتۇرغانىدى. لېكىن ئوي-خىياللىرى قاناتلىنىپ كەتتى-دە، كۆزلىرى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ كىچىك چېغىدىكى سۈرىتىگە چۈشتى. ئۇ چاغدا قىزى ئالتە ياشتا، ئوغلى ئۈچ ياشلاردا ئىدى. قىزىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان قىزىل گۈللۈك ھال چىت كۆڭلەكنى شۇ يىلى ماي بايرىمىغا تىكىپ بەرگەن. دۆرنەم ئۇ كۆڭلەكنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىققانىدى. ئاق يۈزلۈك، بودۇر چاچلىق بۇدرۇقتىنا بۇ قىزغا ئېتەكلىرى كەڭ، يەڭلىرى رېزىنكا بىلەن بوغۇلۇپ، چىرايلىق تىكىلگەن بۇ كۆڭلەك بەك ياراشقانىدى. خۇددى قوچاقتا ئوخشاپ قالغان بۇ قىزغا بىر مەھەللىلىك سادىقجان دېگەن كىشى زوق بىلەن قاراپ:

— كۆڭلىكىڭىزنى كىم تىكىپ بەردى قىزىم؟ — دەپ سورىغانىدا:

— ئانام! — دەپ ئەركىلىگەن ھالدا جاۋاب بەردى دۆرنەم.

«قىزىم» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. سادىقجان بولسا بۇ كىچىككىنە دۆرنەمنىڭ «قىزىم» دېگەن سۆزدىن تەسىرلەنگەنلىكىنى بايقاپ:

— ئاپئاق قىزدە، بۇ قىزىم، نېمىدېگەن تاتلىق قىز. چاچلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق، — دەپ پارقىراپ تۇرغان بودۇر چاچلىرىنى ئامراقلىق بىلەن سىلاپ ئەركىلەتتى-دە، ئاندىن «مارۇژنا ئېلىپ يەڭ» دەپ قولىغا ئۈچ سوم تۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

دۆرنەم ئۇنىڭ يەنە كېلىشىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى

كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كەتكىنىگە نارازى بولغان ھالدا ئاپىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئاپا، ئاپا، ئاۋۇ كەتكەن ئادەم مېنىڭ داداممۇ؟ ماڭا پۇل بەردى. مېنى كۆتۈرۈپ ئويناتتى. يەنە كېلەمدۇ، قاچان كېلىدۇ؟ — دېگەندەك سوئاللار بىلەن ئانا يۈرىكىنى مۇجىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ قىزىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي:

— ياق، قىزىم، ئۇ كىشى سېنىڭ داداڭ ئەمەس، يۈرگىن، مەن ساڭا داداڭنى كۆرسىتىپ قوياي، — دەپ ساندۇقتا سېلىپ قويغان دادىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتتى. قىزىنىڭ: «دادام نەگە كەتتى؟ نېمىشكە كەلمەيدۇ؟» دېگەندەك سوئاللىرىغا:

— قىزىم، داداڭ يىراق يەرگە كەتكەن، سەن چوڭ بولغاندا كېلىدۇ، — دەپ كۆزىدىن تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان ياشلىرىنى ئالدىراپ سۈرتۈپ قىزىنى بەزلىگەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، قىزلار ئارىسىدا ئاتا توغرۇلۇق سۆز بولغاندا، دۇرنەم، «مېنىڭ دادام ساندۇقتا» دەپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان.

سالامەتخان ئەمدى ئوغلى توغرۇلۇق ئويلىماقتا. تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرى بولسا كېرەك. بىر كۈنى ئۇ قوشنىسىنىڭ ئوغلى بۇرھان بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇ. بۇرھان قېپىدىن تاياق يەپ قالغاندىن كېيىن «توختاپ تۇر، مەن سېنى دادامغا ئېيتىپ ئۇرغۇزمىسام دەپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كېتىدۇ. ئانچە ھايال بولمايلا ئۇنىڭ دادىسى چىقىپ، ھېچ ئەرسىنىمۇ سورىمايلا قېيۇمغا ھۆرپىيىپ:

— سەن يېتىم ئوغلاق، نېمەڭگە ئىشىنىپ مېنىڭ بالامنى ئۇرىسەن، ھە؟ — دەپ كەلگەن پېتى قېيۇمنىڭ ئۇ كاچىتىغا بىرنى، بۇ كاچىتىغا بىرنى سالغان. ئاندىن ئوغلىنى يېتىلەپ قورۇسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، قولىنى شىلتىگەن ھالدا:

— ئەگەر بۇرھانىغا يەنە تېگىدىغان بولساڭ، قولۇڭنى چىقىۋېتىمەن. گەپ قىلمىسا قارا بۇ يېتىم ئوغلاقنى. ياماندىقىنى... — دەپ تىللاپ كەتكەنىدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان قېيۇم ئۆزىنى باسالماي ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ - دە، ئۆپكىدەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاپا، نېمىشقا مېنىڭ دادام كەلمەيدۇ، نەدە يۈرىدۇ؟ نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ — دەپ كەينى - كەينىدىن سوئال بېرىپ، ئاپىسىنى قىينىغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا، سالامەت بالىسى ئالدىدا بەك قىسىلغان ۋە بالىلىرىنىڭ تىرىك يېتىم بولۇپ قالغىنىغا بەزىدە ئۆزىنىمۇ ئەيىبلىك دەپ ھېسابلىغانىدى.

«مەيلى، — دەپ ئويلىدى ئۇ سۈرەتتىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇرغانچە، — بالىلار ھازىر بولسىمۇ دادام، مېنىڭ دادام بار دەپ يۈرسۇن. ئاتا مېھرىنىڭمۇ قۇدرىتى ئۇلۇغدۇر. كىم بىلىدۇ...

لېكىن بالىلار ھازىر چوڭ بولۇپ كەتتى. بۇنى ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟»

ئانا ئورنىدىن تۇردى - دە، قەغەزلىرىنى يىغىۋېتىپ، مەقسەتسىزلا ئۆي - ئىچىنى بىر ئايلىنىپ، نېمىلەرنىدۇ بېسىقتۇرغاندەك بولدى. ئاندىن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغان ھالدا ئۆزىدە كېيىنكى يىللىرى پەيدا بولغان قورۇقلارنى كۆردى - دە، قولى بىلەن سىيپاپ: «توۋا، ئادەممۇ شۇنچە ئۆزگىرىدىكەن، بىر چاغلاردا قاش - كىرپىكلەر بىلەن چاچ-

www.uyghurkitap.com



لىرىم قاپقارا، قويۇق ئىدى. ئەمدىچۇ...»

سالامەتخان مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، قىزىنىڭ تالادىن تاقىلداپ كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى چىپ-چىپ تاشلىدى. قىز ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپىسىنى كۆرۈپ:

— ئاپا، مېھمانغا بارامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ ۋە قىزى قەغەزگە ئوراقلىق بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كىرگىنىنى كۆرۈپ، — نېمە ئالدىڭ قىزىم؟

دىلنەم قولىدىكى بولاقنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە ئاپىسىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ:

— ئاپا، بۇ سىزگە، — دەپ بولاقنى يېشىپ، چىرايلىق تىكىلگەن ئېگىز ئۆكچىلىك، قارا بەتىنكىنى ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە، — بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزغۇ؟ — دىلنەم ئاپىسىغا ئەركىلەپ، ئۇنىڭ مەڭزىگە يەنە بىرنى سۆيدى.

— ۋاي، قىزىم، شۇنچە قىممەت تۇپلىيغا پۇلنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەۋەتتى رەھمەتلىك ئورنىغا.

— يازدا كولخوزغا بېرىپ ئىشلىگەندە، تاپقان پۇلۇمدىن سىزگە تۇپلىي ئالىمەن دەپ ئايرىپ قويغانىدىم. بۇلتۇر ئىككىمىز ئاياغ ماگىزىنىغا كىرگەندە، مۇشۇ تۇپلىينىڭ ئارزۇسىنى قىلىپ، «قىزىم، سەن ئىشلىگەندە، مۇشۇ تۇپلىيدىن كىيگۈم بار» — دېگىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ! بىزنى باقىمەن دەپ خالىغان كىيىمىڭىزنىمۇ كىيەلمەي ئۆتۈۋاتىسىز. بىلمەيدۇ دەمسىز؟ — ئۇ تۇپلىينى ئېلىپ، ئاپىسىنىڭ ئايىغىغا كىيگۈزۈشكە باشلىدى.

ئانىنى بىردىنلا ھاياجانلىق ھېسسىياتلىرى ئورىۋالدى. ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇ يىللىرى «دادام ساندۇقتا» دەپ يۈرگەن قىز ئەمەس، بەلكى بوي ـ تۇرقى ئۆزىدىن ئېگىزرەك، ئوي ـ پىكرىمۇ قېلىشمايدىغان ۋە بويىغا يېتىپ قالغان قىزى تۇراتتى.

قىزى كىيگۈزۈپ قويغان تۇپلىينى دەسسەپ ئورنىدىن دەس تۇرغاندا، ئۇنىڭ قەددى يەردىن بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنى بىر چاغلاردىكىدەك چاققان ۋە يېنىك ھېس قىلدى.

— رەھمەت، قىزىم، رەھمەت، — ئانا كىرپىكلىرىنى يۇيغاندەك لىغىمىدە ئاققان كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى.

دىلنەم كىيىملىرىنى يېشىپ، خالتىنى كىيىپ چىقتى ـ دە، ئاپىسىغا:

— ئاپا، سىز بۈگۈن مېھمان، تاماقنى مەن ئېتىمەن، مانتىنى ياخشى كۆرىسىزغۇ، بىراق مەن ئۇنى چىرايلىق تۈگەلمەيمەن، قىيمىسى تەييار بولغاندا تارتىشىپ بېرىسىز.

تاماقنى ئالايلى دەپ تۇرغاندا، ئوغلى قېيۇم كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، سەن قىرىق ياشقا كەلگەندە تازا چوڭ توي قىلىپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ ئىشلەپ پۇل تاپىدىغان بولىمەن. ھازىرچە مۇنۇنى ئېلىپ تۇر، — ئۇ قەغەزگە ئوراقلىق بىر نەرسىنى يانچۇقىدىن چىقاردى ۋە ئاپىسىنى تەبرىكلەپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— رەھمەت جېنىم بالام، سەن تېخى كىچىك، — دېدى ئانا ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرى دولقۇنلىنىۋاتاتتى. ئېھتىمال ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى

بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى شۇنداق بەختلىك ھېس قىلىۋاتقاندۇ. ھازىر ئۇنىڭ قاناتلىرى بول-
سا، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، تالانىڭ تازا ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ يۇتسە ۋە كۆك
ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، كىشىلەرگە بالىلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ، ۋۇجۇدى-
دا پەيدا بولغان خۇشاللىقنى ئۇلار بىلەن بۆلۈشسە، ئامال قانچە. ھېچ بولمىغاندا بۇ خۇ-
شاللىققا ئورتاق بولىدىغان بالىلىرىنىڭ دادىسى بولسىچۇ...

— بۈگۈنكى مانتىنى مەن ئەتتىم، قېنى يەپ بېقىڭلارچۇ، مېنىڭدىن ياخشى ئاشپەز
چىقامدىكىن، — دېدى دۈرنەم ھەممىسى جوزىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدا ئۈچ - تۆت مانتىنى يەۋەتكەن قېيۇم:

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس، تەربىيىلىسە ئاشپەز چىقىدىغان تۇرۇقى بار. ئەگەر ھەرقا-
چان تامىقىڭ مانا مۇشۇنداق قورساقنىڭ ئېچىشىغىلا تەييار تۇرسا، سېنىڭ ئېشىڭ ھەممىسى-
نىڭكىدىن تاتلىق بولىدۇ، — دېدى. بۇ سۆزگە ئاپىسىمۇ كۈلۈۋەتتى. سالامەت تاماق يېيىلىپ،
چاي ئىچىلىشكە باشلىغاندا، بۈگۈنكى خۇشاللىقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئەتىگەن-
كى ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى بالىلارغا يەتكۈزمەكچى بولدى ۋە سۆزنى نېمىدىن باشلاشنى بىل-
مەي، بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى.

«ئەگەر بالىلار دادام بۈرۈن نېمىشقا كېتىپ قالغان؟ دېسە ئۇنى قانداق چۈشەندۈ-
رىمەن، ئاخىر ئۇنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىزغۇ، بالىلارغا ئۆز ئا-
تىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ياخشىلىق ئەمەس. ئېھتىمال ئۇنى ئۇلارمۇ سوراپ
ئولتۇرماس، بۈرۈن بىر - ئىككى قېتىم سورىغاندا، ئۇلارنى ئىككىنچى سورىماس قىلىپ قې-
قىۋەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى بالىلارمۇ قايتا سورىمايدىغان بولغان. مانا بالىلارنىڭ دادىسى
توغرۇلۇق سۆز قوزغىمىغانغىمۇ قانچە يىل بوپتۇ، بالىلارمۇ دادا دېگەن سۆزنىڭ ماھىيە-
تىنى بىلمەيدۇ. دادا دېگەن سۆزنىمۇ ئۆيدە تىلغا ئېلىپ باقمىغانغۇ؟!»

سالامەتنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئويلار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ بالىلىرىممۇ دا-
دا دەيدۇ، دادىسىمۇ ئۇلارنى بالام دەپ بېشىنى سىلايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن
ئاڭلايمەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن دېگەن بىرلا پىكىر ئۇنىڭ بارلىق خىيالىنى ئۆز-
چۆك تورىدەك چىرماپ ئالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن دادا توغرۇلۇق سۆز
قوزغاپ، ئاندىن ئەلچىلەرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزمەكچى بولدى:

— ئەگەر بۈگۈن داداڭلار بولغاندا تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولار ئىدى - ھە، جوزىمىز
يەنىمۇ تولۇپ تۇراتتى، — دېدى سىناق كۆزى بىلەن بالىلارغا قاراپ.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزنىڭ تويۇقسىز ئانا تەرىپىدىن قوزغىلىشى بالىلارنى ھەيران قال-
دۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ قانداق ئىش، نېمە گەپ دېگەندەك كۆزلىرىنى ئاپىسى-
غا تىكىپ جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— بالىلىرىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى سالامەت، — مانا، سىلەرمۇ چوڭ بولۇپ
قالدىڭلار، ئاتاڭلار ھايات بولسىمۇ، لېكىن ئاتا خوشلىقنى كۆرمەي ئۆستۈڭلار، مۇنداق ئوي-
لاپ كۆرسەم، ياخشىلىق ھېچقاچان كېچىكمەيدۇ دېگەندەك، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلساق،
بۈگۈن داداڭلارنىڭ ئىككى - ئۈچ ئاغىنىسى كەپتۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، داداڭلار

ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇدەك، سىلەرنى تولا خىيال قىلىدىكەن، «ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، مەنمۇ كىشىلەرگە ئوخشاش بىر كۈن بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈم، ئۆز بالىلىرىم دەپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى» دەيدىكەن. ئۇنىڭمۇ يېشى خېلىغا بېرىپ قالدى، ئۇنىڭغىمۇ قىيىن، — ئۇ يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي توختاپ قالدى.

— شۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسىز، ئاپا؟ سۆزىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى تاقىتى تاق بولغان دۇرنەم.

— مەن نېمە دەيتتىم قىزىم، سىلەر نېمە دېسەڭلار مەن شۇ. ئەتىگەن ئەلچىلەرگە، بالىلار بىلەن مەسلىھەتلىشەي، دەپ جاۋاب بەردىم.

— بىز چوڭ بولۇپ كەتتۇققۇ ئاپا، بىزنىڭ دادىمىزغا مۇھتاجلىق ۋاقىتلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى، نېمىشقىدۇر سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ھېچ ئەقلىمگە سىغمايۋاتىدۇ، — دېدى دۇرنەم.

— قىزىم، — دېدى ئانا ئەمدى ئۇلارنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، — ئۇ ئۆزەڭلارنىڭ دادىسى، مېنىڭدىنلا ئەمەس، سىلەردىنمۇ كەچۈرۈم سوراپ، ئالدىمىزغا كىشىلەرنى كىرگۈزۈپتۇ. سىلەر چوڭ بولدۇڭلار، ئاتا دېگەن ئاتا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا بولغىنى ھەممىمىز ئۈچۈن چوڭ غەنىمەت، يار - يۆلەك ...

— ئەگەر بىزنى شۇنچە ياخشى كۆرسە، كىچىك ۋاقتىمىزدا نەدە يۈرۈپتىكەن، — دۇرنەم ئەمدى تېرىككەن ھالدا بۇرۇقتۇم بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئۇنى تەگەپ نېمە قىلىسەن، قىزىم، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپتىكەن، — دېدى سالامەت ئۇ بالىلارنىڭ قەلبىدە ئاتىسىغا نىسبەتەن كەچۈرۈم ھېسسىياتلىرىنى ئويغىتالماي قىينىلاتتى. قېيۇم بولسا نېمىشقىدۇر قاپىقىنى سەل تۈرۈپ، قاتتىق خىيال سۈرگەن ھالدا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئاپا، — دېدى دۇرنەممۇ ئەمدى ئۆز پىكىرلىرىنى بىر يەرگە جەملەپ، — كىچىكىمدە بىر قولۇمنى سىز تۇتسىڭىز، بىر قولۇم پۇلاڭلاپ، تۇتىدىغان ئادەم يوق، ئاتىغا تەشنا بولغان بالىلىقىم ئۆتۈپ كەتتى. بىز شۇ چاغدا ئاتا مېھرىگە زار بولغانىدۇق. ئەمدى ئەقلىمىزگە تولۇپ، ئويلاپ كۆرسەك، قەلبىمىزنى پەقەتلا سىزنىڭ ئانىلىق مېھرىڭىز تولدۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۈچۈن سىز ھەم ئاتا، ھەم ئانا. بىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز سىزنىڭلا مېھرىڭىز بىلەن ئۆسۈپ يېتىلدىغۇ.

— نېمە قىلسىمۇ ئۇ ئۆزەڭنىڭ دادىسىغۇ، — دۇرنەمنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى ئاپىسى، — ئۆزەڭنىڭ، — دېدى تەكرارلاپ، قىزىنىڭ مۇنۇ ئاچچىق، لېكىن ھەق سۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنى باشقا ياققا بۇراشقا ھەرىكەتلىنىپ.

— ئاپا، — دۇرنەم ئەمدى كەسكىن سۆزلىدى، — كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيگە كېلىشىنى سىز ئۆزىڭىز خالىسىڭىز كېرەك، مەن بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرمايمەن. خالىسىڭىز ئەتىلا ئىنستىتۇتنىڭ ياتىقىغا كېتىپ ئوقۇۋېرىمەن. مېنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر. ئەگەر ئۆز ئارا كېلىشكەن بولساڭلار ئۇنى سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز ئۈچۈن دادىمىز كىچىكىمىزدىلا ئۆلگەن، خالاس. ئۇنى باشقىدىن تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ يېڭىدىن تۇغۇلىشىمىز كېرەك، — دېدى - دە، ئانىسىنىڭ باشقا نەسىھەت سۆزلىرىنى تىڭشىغۇسى كەلمىگەندەك ئورنىدىن تۇرغىنىچە، ئۈستەل ئۈستىدىكى تاماق يېگەن قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەي، ئاپا، — دېدى باياتىدىن بېرى بولغان ھەممە سۆزلەرنى ئۆز مۇلاھىزە تا-
رازىسىدا ئۆلچەپ ئولتۇرغان قىيۇم، — مەن تېخى سېنى ئاپالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەغ-
رۇر، دەپ ئويلايتتىم ھەم ئۆزەمىمۇ بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ يۈرەتتىم. سەنىزە بىزنى خار
قىلىپ، قاقشىتىپ كەتكەن كىشىگە جاۋاب تاپالمىدىڭمۇ؟ دادام كەتكەندە تولا يىغلاۋېرىپ
كېسەلگە دۇچار بولدۇڭ. ماڭا مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن پورما ئالالماي، قانچە كۆز ياش
قىلغانىدىڭ. دادا بولغان ئادەم مېنىڭ مەكتەپكە بارىدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ. بىزدە: با-
لىلاردا نېمە گۇناھ بار ئىدى؟! مەن ھېچقاچان بۇنى سېنىڭدىن كۈتمىگەن، — قىيۇممۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپلا ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. سالامەت ئۈچۈن بالىلارنىڭ سۆزلىرى ئۇزۇن
يىللاردىن بېرى يۈرەك قاتلىمىدا ساقلىنىپ، لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىستى ئاز-
راق قېتىشىپ قالغان ئاچچىق دىرد - ئەلەم يارىلىرىغا تۇز سېپىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى -
دە، بېشىغا غۇۋژىدە ئاغرىق كىرىپ كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى.

* * *

بۈگۈن سالامەت زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئەتىگەنكى ئەلچىلەر، بالىلارنىڭ سوغىلىرى،
كەچكى ئولتۇرۇش، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر سۆزلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ پارە قىلاتتى.

ئاخىرى بۇ ئىشتا مەنمۇ ئەيىبلىك ئىدىمغۇ، مانا شۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى مەن
ئۆزەمنى تىللاپ، گۇناھنى ئۆزەمگە ئارتىپ كەلمىگەنمىدىم. ئەگەر مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا
تۇرمۇشقا چىقمىغان بولسام، ئادەملەرنى پەرق قىلىشنى بىلگەن بولسام، بۇ دەردلەرگە قال-
ماس ئىدىم. شۇنىڭدەكلا ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇپ، بۇ
چاغقىچە ھاياتىمكى ئۆز ئورنىمنىمۇ تېپىپ ئالغان بولار ئىدىم. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا،
ئەلۋەتتە مەن بالىلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك. ئۇلارنىڭ ئاتىسىز ئۆسۈشىدە مېنىڭ خاتالىقىم
ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز. بالىلار بولسا ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ بۇ
سۆزلەرنى ماڭا ئېيتمايدۇ، — سالامەت بۇ سۆزلەرنى ئۆز كۆڭلىدە تەكرارلىغانسېرى شۇ
چاغقىچە قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاچچىق ئەلەمنى ئەمدى ئۆز تېرىسىگە سىغدۇرالماي
قالغاندەك كارىۋاتتا يېتىپ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى. سەل بېشى ئاغرىغاندەك بولدى - دە،
بىردىن كۆزىنى يۇمدى. لېكىن بولمىدى. ئەمدى ئېغىر ئويلاردىن كېچىپ، پىكرىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەرسە ئېسىگە چۈشكەندەك بولدى - دە، يېنىك ئورنىدىن تۇرۇپ
چىراغنى ياقتى. «شۇ تاتمىغا سالغانىدىم»، — دەپ ئۆزىگە پىچىرلىدى خالتىنى كېيىپ بول-
غاندىن كېيىن ۋە ئېرىنىڭ بۇنىڭدىن بىر ئايچە بۇرۇن يازغان خېتىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باش-
لىدى. ئۇ بۇ خەتنى بۇرۇنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم ئوقۇغانىدى. لېكىن ئۇ چاغدا نېمىشقىدۇر،
جاۋاب يېزىش كېرەك دەپ ئويلىمىغانىدى.

سالامەت جاپپارنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ، «ئەمدى قېرىغاندا قاققان قوزۇقۇممۇ، باق-
قان توخۇرۇمىز، مۈشۈكۈممۇ يوققۇ» — دېگەن جايغا كەلگەندە، مېيىغىدا كىنايىلىك كۈ-
لۈپ قويدى. ئۇ خەتنى ئۆرۈپ ئۇياق - بۇياققا قارىغانچە يەنە خىيالىغا بېرىلدى - دە،
بىر ئاز ئولتۇردى. كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا بەدىنى شۈركەنگەندەك بولغاندىن كېيىن، كې-
لىپ يەنە ئۆز ئورنىدا ياتتى. ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئۇ ئېرى بىلەن غايىبانە سۆزلىشەتتى:

«جاپپار، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئەلۋەتتە، ئاغرىق ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ئېچىندىم.
ئۆتكەن ئىشقا قار بېسىپ، سەنمۇ، سەن ئوغرىلاپ كەتكەن ياشلىقىمنۇ ئېسىمدىن كۆ-

www.uyghurkitap.com



تۆرۈلۈپ كەتكەنىكەن. سەن قوزغىغان بۇ ئىش مېنى ھەممىنى باشتىن-ئاياغ ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى.

باللارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆز پىكرىم بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەقىل تارازىسىغا سېلىپ كۆرسەم، سەن ياشلىقىڭنى ئويۇن - كۈلكە، تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئالدىڭ، دەرد تارتمىدىڭ، خورلۇق كۆرمىدىڭ، ئەتىنى ئويلىمىدىڭ. ئويلايمەنكى، سېنىڭ ھاياتتىن ئىزلىگىنىڭ شۇ بولغاچقا، ئۆتكەن ئۆمرۈڭگە ئېچىنمايدىغانسەن.

مېنىڭ ھاياتتىن ئىزدىگىنىم باشقا ئىدى، ئۇنى سەن كېسىپ تاشلىدىڭ. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ھايات قايىنىمىغا چۈشە - چۈشمەيلا ئىككى باللىق بولۇپ، ئۇلارنى باقىمەن دەپ، ياشلىقىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئويلىماي ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن. مانا ئەمدى ئويلاپ قارىسام، مەنمۇ ئەيىبلىك ئەمەسكەنمەن. مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ ئاخىر مەن بىر كىچىك، ساددە، ھەممىگە ئىشىنىدىغان ئاق كۆڭۈل قىز ئىدىم. سېنىڭ ھەممە سۆزلىرىڭگە ھېچبىر گۇمانسىز ئىشەندىم. ھەتتا سېنىڭ ئۆيلىنىپ ئالغاندىن كېيىنلا، سېنى قاياققا بولسا، شۇ ياققا ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن، سېنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بولۇشۇڭنى خالايمەن. ئاپاڭنى ئۆزۈم باقىمەن دېگەن سۆزلىرىڭگىمۇ ئىشەنگەنىكەنمەن. ئۇ چاغدا سەن مېنىڭ ئۈچۈن خۇددى پەرىشتە ياكى خۇدادەك بولۇپ كۆرۈنگەنىدىڭ. ئاخىرى نېمە بولدى؟ مېنىڭ ئىشەنچلىرىمنى ئاقلىمىدىڭ. بۇ سېنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىكىڭلا ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز مۇناسىۋىتىڭ. ياۋايىلارچە، ھايۋانلارچە كۆز قارىشىڭ ئەمەسمۇ؟!...

ياق، ياق، بۇنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ ئۇلارنى قايتىدىن ئەسلىگىم كەلمەيدۇ، بىراق يىللار شامىلى ھاياتىمنىڭ ئېغىرچىلىقىنى سۈپۈرۈپ كېتىدىكەنۇ، ئېچىلماي تۇزۇپ كەتكەن قىزىل گۈلگە ئوخشاش، ياشارماي تۇزۇپ كەتكەن ياشلىقنى قايتىدىن ياشاش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلالمايدىكەن. يۈرەككە چۈشكەن داغنى يۇيۇپ، ئۇنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرەلمەيدىكەن.

باللارنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن چىقارغان ھۆكۈمى دۇرۇس. ھازىرقى ياشلارنىڭ ئوي - پىكرى، بىزنىڭ ياشلىقىمىزدىكىگە قارىغاندا كەڭرەك، چوڭقۇرراق. مۇلاھىزىلىرى مەنتىقىلىك. ئويلايمەنكى، باللاردىن يامانلاشقا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق.

مەن ھازىر، باللىرىم شۇ كىچىككىنە ئاتا دېگەن سۆزنى بىلمىدى، ئاتا مېھرىنى كۆرمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئاتا مېھرىنى، ئاتىنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئويلىغانىدىم، خاتالاشقان ئىكەنمەن. باللار مېنىڭ خاتالىقىمنى تونۇتتى. ھاياتنىڭ بىر قېلىپتا تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇلار مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

مەن ئۇنى مۇشۇ قېتىم بايقىدىم. باللار دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندا، ئىسسىق مېھرىنى چېچىپ، قانىتىنىڭ ئاستىدا ئىسسىق - سوغۇقتىن ھىمايە قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار چوڭ بولۇپ كەتكەندە قانىتىڭ ئاستىغا سىغىشى مۇمكىنمۇ؟

تەكرارلاپ ئېيتىمەنكى، مەن بۈگۈن بىر نەرسىنى ياخشى چۈشەندىم، رەھىمسىز ھەم بىۋاپا، پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدىغان ئاتىنى ئانا كەچۈرگەن بىلەن باللار كەچۈرمەيدىكەن. سەن مېنىڭدىن خاپا بولما...» ئۇ ئىككىنچى بېقىنغا ئۆرۈلۈپ ياتتى - دە، قاتتىق ھارغىنلىقىنى سەزگەندەك بولدى. كۆزى يۇمۇلۇپ، ئېغىر ئۇيقۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ كېتىپ بارغاندەك خىياللىرى تۇمانلىشىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى...

# ئوتلۇق چەمبەر

## (تارىخىي رومان)

### خېزمەت ئابدۇللىن

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شۇ كۈنى كەچتە خانبالىقنىڭ خاقانى ئۆز ئوردىسىدا زىيارەتتە بولغانلار ئۈچۈن زىياپەت بەردى. زىياپەتكە شەخسەن خاقاننىڭ ئۆزى بىلەن مۇزاكىرىدە بولغان ھىندۇ، ئەرەب، ئۇيغۇر قاتارلىق چوڭ ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن، ئوردىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى قوبۇل قىلغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەكىللەر، شۇنىڭدەك خاقاننىڭ مەسلىھەتچىلىرى، چوڭ ئەمەلدارلار ۋە بىر قانچە ئاتاقلىق شائىر-ئالىملار ئىشتىراك قىلدى. جۇڭگو قائىدىلىرىنى بىلگەن ئادەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى-ئۇنۋانلىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا ھەرقايسىنىڭ كىيىمىگە قاراپ، تونۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇدزەر تېگىننىڭ، كىچىككىنە ئۈچكە ساقاللىق تىنامشى — توقى تۇتۇق يازلىق ساراي قوبۇلخانىسىدا بۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئۇدزەر تېگىنگە ئاساسەن تونۇشتۇرۇپ بولغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ نەق ئۆزى. دېمىسىمۇ، ئادىمىزات مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر كۆرۈنۈشى بولغان كىيىم-كېچەك ئۈلگىلىرى بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىدە ئاساسەن ئۇلۇغ كەشپىچى تەبىئەتتىن — ئۇنىڭدىكى رەڭلەر بىلەن جان-جانىۋار سىمالىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىدا شۈبھە بارمۇ؟

زىياپەت ئۇستىلىگە جاڭ تەخسىلىرىگە ئوخشاش ساز ئەسۋابلىرىنىڭ ياڭرىشى ئارقىلىق تەكلىپ قىلىنغاندا توقى تىلماش ئۇدزەر تېگىننىڭ قايسى ئورۇندا ئولتۇرغانلىقى توغرۇلۇق جىددىي ئويلاشقا باشلىدى-دە، بىردىنلا بېشىغا كەلگەن ئويىنى ئېيتتى.

— سەن مېھمانلارنى باشلاپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ئولتۇرغۇزىدىغان خىزمەتچىلەرگە ئەگەشمەي، توپ-توغرا تۆردىكى ئالتۇن يالاتقان خاقان ئورۇندۇقىنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا ئولتۇرغىن.

ئۇدزەر تېگىن تىلماشنىڭ پىكىرىنى دەرھال چۈشەندى، ئۇ زىياپەت زالىغا كىرىش بىلەن، دەسلەپ ئەرەب، ھىندۇ ۋەكىللىرىنى بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغان خىزمەتچىگە پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەپ باردى-دە، خاقان ئورنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدى. تەگىرقاپ قالغان خىزمەتچىلەرنى توقى تىلماش شۇ پەيتتىلا، جىم قىلدى. ئۈچىنچى ئورۇندا قالغان ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ باشلىقى سەللىسىنىڭ ئۈچىنى ئەسەبىيلىك بىلەن مۈرىسىگە تاشلىدى ...

بىر چاغدا يەنە جاڭ ئۇرۇلدى-دە، ئىچكىرى ئىشىك تەرەپتىن خاقان كەيچەن چىقىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن تامامەن باشقىچە بىر كۆرۈنۈشتە، — يەنى تۈنۈگۈنكىدەك ئىلاھى تەكەببۇرلۇقى يوق كەيپىياتتا ئادەملارغا ئوخشاش خۇشخۇي، خىنە قويغان ئۇزۇن تىرناقلىرى بار نازۇك بارماق ئالقىنىنى تېز-تېز قېقىپ، چاۋاك چالغاندىن كېيىن، نازاكەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە:

— مەن بۈگۈن ئىنتايىن خۇرسەن، ئەزىز مېھمانلار! — دېدى، — بىرىنچىدىن، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ كىچىك ۋە ئەڭ ئەقىللىق رەپىقەمدىن ئوغۇل پەرزەنت كۆردۈم! ئىككىنچىدىن، ئۇرۇش مەيدانىدىن ئەڭ ياخشى خەۋەر ئالدىم، — ئۇ ئۇدزەر تېگىنگە خۇش نەزەر تاشلىدى، — بىزنىڭ قوشۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىدە، يەنى كېلىپ، مۇشۇ دەرگاھدا ئولتۇرغان باش قولباشچى ئۇدزەر تېگىننىڭ ئىنىسى ئۆگدە تېگىن قاتناشقان تارىخىي جەڭدە زور غالىب قازىنىپتۇ!... ئۈچىنچىدىن، بىز ئەڭ-ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ-ئەڭ تارىخىي ۋە بىزگە بىزنىڭ ئەللىرىمىز، خەلقلىرىمىزگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسە — سىز ئەلچىلەر بىلەن مۇزاكىرىلەرنى تاماملاپ، ياخشى كېلىشىملەرگە ئېرىشتۇق. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەن بۈگۈن، بىزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىمىز ئىستىقباللىرىغا باغ-

www.uyghurkitap.com



لىق يېگى بىر غايىۋى شوئار كەشىپ ئەتتىم، يەنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «يىراق ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش» دېگەن شوئارىنى تامامەن ئەكسىچە ئۆزگەرتىپ، «ئەڭ يېقىن ئەللەر بىلەن بىتىم تۈزۈش» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، ئەھۋال ھازىرچە ئۇنداق ئەمەس — تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئەشەددىي خېنى— شاڭ كونجو ئوخشاشلار ھازىرمۇ ئەتراپىمىزدا بار. لېكىن سىلەر ئىشىنىڭلاركى، بۇنىڭدىن كېيىن چاڭئەندە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا 10 مىڭ يىللىغان تىنچلىق، تەرەققىيات ھاسىل بولغۇسى! سىلەر بىلەن بىز ئەنە شۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئۇددىماغا ئەمەل قىلىدىغان بولايلى! قېنى ئەمىسە، بىز ساھىپخانلارنى يەنە بىر خۇرسەن قىلىپ، ئالدىڭلاردىكى قەدەھلەرنى كۆتۈرۈپ قويساڭلار — كەنبى!

ئۇدزەر تېگىن تەيخېنىڭ پىل سۆڭەكلىك چوكىسىنى يېنىدىن ئالدى-دە، پىيالىدىكى ئىچىملىككە چىلاپ كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئاندىن خاقان بىلەن ئۆز تىلمىچىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە باقمىغان ھالدا، ئالدىدىكى غىزالاردىن يېيىشكە باشلىدى. ئۈستەللەر ئۈستىدە سان - ساناقسىز سوغۇق سەيلەر، تاتلىق - تۈرۈملەر تۇرسىمۇ، شىپىلداپ ماڭغان لىۋەنلەر خىزمەتچىلەر، خىلمۇدىن - خىلى توخۇ، چۆجە ۋە خىلمۇ - خىل ئىسسىق سەيلەرنى، ئۆدەك كاۋاپلىرىنى پۈتۈن بويىچە پىشۇرۇلغان توخۇ، چۆجە، بېلىقلارنى ئەكىلەتتى. ھەر قايسى تائاملار ھەر خىل قورۇلۇپ، ھەر خىل دورا - دەرمەكلەر بىلەن پاپلانغان، جانان تەخسىلەردە قايتىدىن تىزىلغەندەك تۈگۈلىنىپ ياتقان يىلانلار، ئۈنچە - مارجانلارنىڭ رەڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن قۇرت - چايانلار، غىزالىنىدىغان تاماقنى ئەمەس، بەلكى زەرگەرلەر ياسىغان زىبۇ - زىننەتلەرنى ئەسلەتتى، ئۇدزەر تېگىن توقى تىلماش سالغۇزۇپ يېگەن تائاملارغا قاراپ، غىزالاندى. ئۇنىڭ چوكا بىلەن غىزالىنىشى، بولۇپمۇ پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان مەخسۇس چوكىسىنىڭ بارلىقى، خاقاننى تەئەججۈپلەندۈردى ۋە «دېمەك بۇ ئۇيغۇر يولۋىسى بىزنىڭ مەلىكە تەيخېنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتتۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسىگە سازاۋەر بوپتۇ-دە، بۇ دالا يىرتقۇچىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى بىلەن زېرەكلىكىدە بىر گەپ بار دېۋىدىم! ...» دەپ ئويلىدى.

خاقان نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە، ۋەكىل مېھمانلارغا سۆز بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، «غىزاغا بېقىڭلار، قەدەھلەرنى ئېلىپ قويۇڭلار!» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆپرەك، ئۇدزەر تېگىنگە نەزەر تاشلاپ ئولتۇردى. ئۆز ئېلىدە بوزا بىلەن يىلقا، تۆگە قىمىزىنى، سۈت ھارىقىنى ئىچىپ ئۆگەنگەن تېگىن، جۇڭگونىڭ ئىنتايىن شېرىن ۋە كۈچلۈك ئىچىملىكىنى خېلى ئىستېمال قىلدى-دە، رەسمىيلا كەيپ بولۇپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، تىلماشنىڭ ئىشارەتلىرىگە پەرۋا قىلىشنى تامام قويۇپ، ئىچىشكە تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتى.

— ئىسلام دىنىلىق ئەرەبلەرنى «ئىچىملىك ئىچمەس» دەپ ئاڭلىۋىدۇق، — دەپ مۇراجەت قىلدى ئۇدزەر تېگىن يېنىدا ئولتۇرغان خەلپە ۋەكىلىگە، سەلالىلىك يالۋاچ بولسا، ئۇنىڭ ھالىتىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن پارسچە جاۋاب بەردى.

— مۆتىۋەر سەردارلىرىم، بۇ شارابى — ئەنتەۋۇر سىلەرنىڭ تۇرپان ئۈزۈمىدىن ئىشلەنگەن بولسا كېرەك. تۇت، يەنى ئۈزۈم سۈيىنى ئىچمەكلىك — شىپايى - شەرەپلىك ئىشتۇر.

قارا ساقال، قارا چاچلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك ھىندۇ يالۋىچى مەي ھەققىدە ئېيتىلغان شېئىر - مىسرالىرىنى ئوقۇدى. ئۇدزەر تېگىننىڭ تىلمىچى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي خىجالەت بولدى. شۇ ئارىدا ئورنىدىن تۇرغان خاقان ئۇدزەر تېگىننى تەبرىكلەپ ئۇنىڭغا سۆز بەردى ۋە ئۇنىڭ قانداق سوۋغىلار ئېلىشىنى خالايدىغانلىقىنى بىلمەك ئىكەنلىكىنى ئوقتۇردى. توقى تىلماش ئەمدى ئۆز بېگىنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىي نەزەر تۈزۈپ تەرجىمە قىلماقچى، پەقەت مەسلىكتە چالۋاقاپ، ئۇيياتتا قالامىلىقىنى ئويلىدى، لېكىن تەبىئىتىدىن زېرەك، دادىل ئادەملەر ھەر خىل ھالەتتە ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەكس ئەتتۈرگىنىگە ئوخشاش، ئۇدزەر تېگىنمۇ زور قەددىنى، گويا ئۇزاق يولغا چىقىش ئالدىدىن، بىر سوزۇلۇپ ئالىدىغان ياراق ئاتلار كەبى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ پايتەخت مۆجىزىلىرىگە، خاقانغا چىن يۈرىكىدىن قايىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ، كەلگۈسىدە ئورخون، يەنىسەي ۋادىلىرىدىمۇ شۇنداق مۆجىزىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى يۈكسەك روھ بىلەن ئىزھار قىلدى. ئاندىن ئۆز ئېلىنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىش، كېڭەيتىش ئېھتىياجى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا:

— ئۇلۇغ خاقان، — دەپ بىۋاسىتە كەيچەنگە مۇراجەت قىلدى، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىز ھەر تۈرلۈك چارۋا - مالغا باي، بىزدە ئېسىل ئەلتېرىلىك ھايۋانلار كۆپتۇر. ئامما تۆمۈر، پولات يېتىشمەيدۇ. سىلەر بىز

گە قىلىچ - نەيزە بېرىڭلار.

ئۇدزەر تېگىننىڭ تامامىشى بۇ سۆزلەرنى ئاھاڭدارلىق بىلەن تەرجىمە قىلغاندا، خاقانمۇ ساقول ئىشارىسىدا بېشىنى لىڭشىتتى، قالغانلارمۇ قوۋۋەتلىگەن بولدى.

## VI

قارا قۇرۇمدىكى بارچە ماجرالارنىڭ ھەل قىلىنىشى خان سايلىمىغا قارىتىلىپ قويۇلغاچقا، مۇناسىۋەتلىك گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى شۇ مۇراسىمغا ئالدىراشاتتى. ھەتتا خان سايلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جىنايى ئىشلىرى رەسمىي تەكشۈرۈلۈپ، پاش بولىدىغانلىقىنى ياخشى سېزىپ يۈرگەن جاڭ لەنمۇ سايلام مۇراسىمىنىڭ كېچىكمەسلىكىنى خالايتتى. ئۇ يېقىندا چاڭئەن سەپىرىدىن قايتىپ كېلىدىغان ئۇدزەر تېگىنىدىن قورال كۈچى بىلەن ئالدىنئالا قۇتۇلۇشنى، بايخاننىڭ خان تەختىنى ئىگىلەشىنى خالايتتى. چۈنكى بايخان جاڭ لەن ياردىمى بىلەن خان بولۇپ سايلانسا، قىلمىش - ئەتمىشىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىغا ئىشىنەتتى. جاڭ لەن شۇ نۇقتىدىن سايلام مۇراسىمىنىڭ تېز بولۇشىغا مەنپەئەتدار ئىدى.

ئاخىرى پان تۆرە، سا تېگىنلەرمۇ سايلامنى يەنى بايخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى قولباشچى ئۇدزەر تېگىننىڭ كېلىشىنى كۈتمەي ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشتى. ئەمدى ئۇلار خان سايلىمىنىڭ ئابرويلۇق ئۆتۈشى ئۈچۈن تونۇغۇت، خاقاس ئەللىرىنىڭ باشچىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋەتلىرىگە ئىگە بولۇش مۇھىم ئىدى...

× × ×

قارا قۇرۇم ئوردىسىدىكى بۇ ھەرىكەتلەردىن تامام بىخەۋەر بولغان تېيىخېي خېنىم تۇرپانلىق ئۆلىما تۇردالىم بوۋاي بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئىشى — ئورخون ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ 100 يىللىق مۇراسىمىچە پايتەخت قارا قۇرۇم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار ھەققىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار بۈگۈن ئاتلارغا مىنىپ قەدىمىي ئەجدادلار يادىكارلىقىنى — كۆل تېگىن خان قەبرى ئەتراپىدىكى سەرەر تاشتىن ياسالغان يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلدى. مەزكۇر قەدىمىي مۆجىزىلەرنى تېيىخېي ئىلگىرى كۆرگەن ۋە دالا ئېلى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋارلىقىدىن ھەيران بولسىمۇ، بۇ قېتىم تامام باشقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ ھاياجانلاندى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى — ئويۇلغان مېتىر مەرمەر تاشلارغا چېكىلگەن «بەلگە - نەقىشلەر» قېرى ئۆلىمانىڭ ئۆتكۈر نەزەرى، دانا تەپەككۇرىدە زور ھاياتىي، تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە خەتلەرگە ئايلىنىپ، ئۇنى كۆپ نەرسىدىن خەۋەردار قىلدى. تېيىخېينىڭ بايقىشىچە جوغى كىچىك، لېكىن ئىنتايىن تېتىك ۋە تىمەنلىك تۇردالىم بوۋاي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇقلار قاپلىغان غوۋا كۆزلىرى چاقنىغان، تاشتىكى تامغىلارنى تۇتقان قوللىرى، بەئەينى بىر بىباھا ۋە نازۇك نەرسىگە تېگىۋاتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ «چوڭ» ۋە «كىچىك» دېگەن ئاتالمىش خەتلەرنىڭ ئىككىسىنى دىققەت بىلەن بايقاپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ يادىكار يېزىقلار ھەر تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارچىسىگە تەئەللۇق — سوغدى — سىرىۋي خېتىدە پۈتۈلگەن، — دېدى ئۇ، — تۇرپان بۇتخانىلىرىدىكى بۇددا تەلىماتىغا تەئەللۇق كىتابلاردىكى «تېيىيانخان»، «يويىيەن»، «سېنىن» خەتلىرىمۇ بار ئىكەن!

تۇردالىم بوۋاي قايتىمدىن بىرىنچى چوڭ خەت يېزىلغان مەرمەر تاشنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەپسىلىي ئوقۇپ، مەنىسىنى يېشىشكە باشلىدى: بىرىنچى «چوڭ» خەتنىڭ، ھەقىقەتەنمۇ، كۆل تېگىن خان ۋە ئىنىسىنىڭ ئۇلۇغ جاسارەتلىرىگە، ئىسلاھاتلىرىگە بېغىشلانغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يوللۇق تېگىن ئاتلىق كىشى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككىنچىدىن خەت بىلىگى - تۇنيۇقۇق تەرىپىدىن خاقان قۇتلۇق تېگىن ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، قانداقتۇ قارىمۇ - قارشى پىكىرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، خەت مۇئەللىپىنىڭ خاننى تەنقىدلەپ، ئۆزىنى ماختىغان يەرلىرى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى «دانىشمەن» ئويلاپ، خاننى قابىلىيەتسىز «تاكى سېمىز ئۆي بىلەن ئورۇق ئۆينى ئايرىپ ئالالمايدىغان» دەپتۇ! — ئەجەبلىنىپ كۈلدى ئالىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەزكۇر ئىككى يادىكارلىقتىكى خەتلەردىن باشقا، ئۈچىنچى خەتنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنى يازغان كىشىنىڭ ئالىپ ئەل ئۆتكۈلمىش ئەكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزىنىڭ يادىكارلىق خېتىدە بىرىنچى خاقانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى بىلگە تېگىننى مەدھىيىلە-

www.uyghurkitap.com



گەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— بۇ يادىكارلىق خەتلەرنى تولۇق كۆچۈرۈۋېلىپ، پۇختا تەكشۈرۈش لازىم. ھازىرغا بايقىغىنىم: ئۇلاردا بىرىنچى تۈرك خاقانلىقىنىڭ 200 يىلغا يېقىن (550 - يىلدىن 718 - يىلغىچە بولغان) تارىخى بايان قىلىنغان. بايقىغىنىمىز ئەنە تاش تاختىلارنىڭ بىرىدە جۇڭگوچە تامغىلارمۇ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئىنتايىن ئۇپرىغان ياكى ئۇنى كىمدۇر بىرلىرى بۇزۇۋەتقان، — ئوقۇش قىيىندۇر. ھەر ھالدا ئۇزاق ئويلىنىپ يۈرۈش مۇمكىن.

تۇردالىم چالىنىڭ ئېتراپىدىكى بىلىمى بىلەن دانىشمەنلىكىگە قايىل بولغان تەيخې ئۇنىڭدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان ھالدا: مەزكۇر تارىخىي يادىكار يېزىقلاردا جۇڭگو توغرۇلۇق بىرەر مەلۇمات بار - يوقلۇقىنى سورىدى.

— بولغاندا قانداق! — دەپ خەۋەر قىلدى چال: سوغدو ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە: جۇڭگو تېرىقچىلىقى كەسىتىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى سارىيىدا ئەسكەر كۆپ بولسىمۇ، پايدىسى يوق ياتۇر دېيىلگەن ئەتىمالىم، تۈركلەر جۇڭگونىمۇ ئۆزلىرىدەك بولۇشنى ئويلىغان: «بىزدە ئەسكەر، تۆمۈر قورال ئاز بولسىمۇ، دائىم يۈرۈش قىلىمىز، يەڭسەك بېيىپ، يېڭىلسەك - چېكىنىپ، چېچىلىپ، ئەركىن ئۆمۈر كۆچۈرىمىز» دەپ بىر نەچچە يەردە يېزىلغان.

ھەقىقەتەنمۇ، ئىنتايىن قىزىق ئىكەن، چوڭدا! — دېدى يەنە چوڭقۇر سەمىمىيەت بىلەن تەيخې، ئۇ ئەمدى «تۇردالىم بوۋاي جۇڭگو توغرۇلۇق سەلبى مەلۇماتلارنى ئەتتەي ئېيتمايۋاتىدۇ...» دېگەن گۇماندىن قايتىپ مۇلاھىزىلىك پەيتلەردىكى ئادىتى بويىچە، قىزغىن سوئاللار قويۇپ، ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى:

— تاڭ يىلنامىلىرىدا، يەنى «تاڭشۇدا» مۇشۇ يادىكار قويۇلغان ئۇلۇغ خاقانلار پۈتۈنلەي تۈركى خەلقلەرنىڭ، شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى، ئەتىمالىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغان، دېيىلىدۇ، — دېدى تەيخې، — شۇڭلاشقىمۇ ھازىر ھەممە ئەل بۇلارنىڭ روھلىرىغا سېغىنىدۇ. بىراق، سىز شۇنى ئېيتىڭچۇ، ئاشۇ خاقان - خانلار باشقۇرغان بىرىنچى، ئىككىنچى تۈرك دۆلەتلىرىنىمۇ شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى غۇلاتقانمىكەن. بۇ راست تارىخىي ھەقىقەتمۇ ياكى يازغۇچىلارنىڭ تەسۋىر - مۇبالىغىسىمۇ؟

— راست، تارىخىي ھەقىقەت، قىزىم! — دېدى ئالىم، — ئومۇمەن بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ يۈرگەن بىز تۈركىيلەرنىڭ تارىخىي يولىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ شۇ بىرلەشمەسلىكىمىزدە، بۆلگۈنچىلىكىمىزدە، قىزىم، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان ئىچكى - تاشقى سەۋەبلىرى باردۇر. ۋەھالەنكى، مىڭ يىللارنىڭ ئاچچىق تارىخىدىن دۇرۇس ساۋاق ئېلىش لازىم ئىدى!.. ئاما شۇنىڭغا قارىماي، بۇ يادىكارلىقلار يەنە شۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئورنىتىلغان، قاراڭ. ئۆزى ۋەيران قىلغان قېرىنداشلىرىنى ياد ئەيلىمەك بولدىمۇ ياكى كېيىن پۇشايمان يېدىمۇ - زادى بىلەلمىدىم. بۇ ھەقتە مەن ئىلگىرىمۇ ئوقۇغان. مانا ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. لېكىن شۇ بىر تارىخىي سوئالغا ئېنىق جاۋاب يوق. جاۋاب بولسا ساۋاقمۇ بولۇر ئىدى.

— چۈشەندۈرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئالىم چوڭدا! مېنىڭچە سىز ئېيتقان ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەردىن ئۆزگە، ھەر خىل دىنلارنىڭ ماجرالىرىمۇ خەلقلەرگە كۆپلىگەن زىيان - زەخمىلەر كەلتۈرۈپ كېلىۋاتسا كېرەك؟...

— ئىنتايىن توغرا ئويلاپسىز! — دەپ قۇۋۋەتلىدى ئالىم.

يول بويى ئۇلار ھەتتا جۇڭگودەك ئۇلۇغ ئەل، كونا مەدەنىيەتلىك بولغان خەلقنىڭ مىڭ يىللار داۋامىدا ھەر خىل دىنلارغا سېغىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىدى - دە، پەقەت ئۇلۇغ كۇڭزى تەلىماتىنى ياخشى ئىگىلەپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلغاندا، — ئاجايىپ ئوخشاشلىق تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىردەك تەكىتلەشتى، ئىسلام ۋە مانى دىنلىرى توغرۇلۇق ئۇ ئىنتايىن سەلبى كۆز قاراشتا بولۇپ، مەزكۇر دىنلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە قارشى، تەبىئ قاتاڭغۇرلۇقىنى قەيت قىلىشتى. زاھىتلىققا دەۋەت قىلغۇچى مانىزىمنىڭ دالا ئېلىگە پەقەت ياۋروپا ھاياتىنىڭ بەزى ئىپادىلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، تۇرمۇش - مەئىشەتتە، تاماق ئۈچۈن مالنى تولا ئىسراپ قىلماي، كۆكتات، مېۋە - چېۋىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا دەۋەت قىلىشىنى ياقتۇرغانىدەك ئېغىزغا ئېلىشتى... بۇنىڭ سەۋەبىمۇ، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئاساسىي غايىۋى ماھىيىتىدىن بولماي، بەلكى مەلۇماتلىق بۇ ئىككى شەخسنىڭ بىرى جۇڭگودەك، يەنە بىرسى تۇرپان، قەشقەردەك دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تەرەققىي ئەتكەن تەۋەلەردە تۇغۇلۇپ - ئۆسكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئۆز ئۆي - سۆھبەتلىرىدە: كونفۇسىت تەلىماتىنىڭ روشەن تەرەققىياتچى كىشىلەرنى مەنىۋى مۇكەممەللىككە دەۋەت قىلىشى، ئىنسـ

سانپەرۋەرلىك ۋە رەھىمدارلىقتا ئوخشاش خىسلەتلەرنى ئىگىلەشكە چاقىرىشى قاتارلىق ئاساسلىرىغا قارىمۇ - قارشى «لېگىزم» ئوخشاش يەنە بىر دەھشەتلىك ئېقىمنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ قاتاتىغۇر ھۆكۈمرانلىقىنى داۋا قىلغۇچى ئېقىمنىڭ نەقەدەر ئۇزاق ياشاپ، تا بىزنىڭ كۈنلەرگىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئەمما، شۇ قەدىمىي ئەسىرلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ، ئاددىي خەلق ئارىسىدا تەيخېدەك نەپىس، تۇردالىمدەك ئويچان جانلارنىڭ بولغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ خۇددى كېيىنكى ئەسىرلەر بويى ۋە بۈگۈنكى كۈنگىچە روھ بېرىپ كېلىۋاتقان خىلمۇ - خىل مۇرەككەپ ھاياتقا پائال ئىشتىراك قىلغانلىقى خۇش بولارلىق ھادىسە ئىدى.

تۇردالىم چالنى قەدىمىي نادىر يادىكارلىقلار يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇردى، تەيخېنىڭ مەقسىتى تامامەن باشقا ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى سەزگۈر ۋە سەۋىرچان مەلىكە ئۆلۈفتا ئاقساقالنىڭ يۇرتداشلىرى زور قىزىقىش بىلەن ئىشلەۋاتقان تېرىلغۇ يەرلىرىگە كېلىپ، ئىنتايىن ياخشى ئۆسۈشكە باشلىغان پىياز، ساماساق، سەۋزە، قوغۇن - تاۋۇزلارنى كۆرگەندىن كېيىنلا، يەنە بىردىن ئەمەس، بەلكى ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆز يۇرتداشلىرىدىكىدەك ئىشلىرىنى كۆرۈپ، بىر ئاز مۈگلىنىپ قالغان ئاقساقالنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىگە سۈكۈنات بېرىپ ئاندىن ئېيتتى:

— دېمەك، چوڭدا، تىببەتلىكلەر سىلەرنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئەسىرگە ئېلىپ ماڭغان ئىكەن. سىز بىلەن ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزۇلغان ئۇيغۇرلاردا زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بار ئىكەنغۇ؟

— ئۇنداقلا ئەمەس، قىزىم. بۇ مېنىڭ تۇرپانلىق يۇرتداشلىرىم ئۆز يۇرتلىرىدا، ئۆسۈپ يېتىلىدىغان يېمىشلەرنى جاھاننىڭ ھېچ جايىدا يوق دەپ بىلىدۇ. سەۋەب، ئۇ يەرلەرنىڭ ھەتتا قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان تالاي سەيياھلارنى كۆرگەن، ئاڭلىغان بىز... تاكى سىزنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئۇلۇغ ئېلىڭىزدىن كەلگەن بىر سەيياھىنىڭ ئۆزى، بىزنىڭ تەۋەدە ئاتام زاماندىن ئۆستۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان پاختىنى كۆرۈپ، ئۇنى «تەرگەن قوي يۇڭى» دەپ يېزىپتۇ، — بولتۇر ئوقۇدۇم. ھالبۇكى، يىپەك بىلەن قەغەزنىڭمۇ دەسلەپ شۇ تەرەپلەردىن تارقالغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئەلۋەتتە.

— دېمەك؟!.

— دېمەكچىمەنكى، كىرىپتارلىقتا ناتونۇش تىببەت ئېلىگە ھەيدالغان بۇ ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرى بىلەن ئاز - تولا ئۇرۇق ئېلىۋالغان بولسىمۇ توغرا ئىش قىلغان ئىكەن. يەنى ئۇلار ياقا يۇرتلارغا بارغاندا ئۆز يۇرتىدىكىدەك تىرىكچىلىك ۋە ئىستىقامەت قىلىشنى ئويلاپتۇ - دە.

— ئىنتايىن شەرەپلىك نىيەت. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەسىرگە ئالغان ياۋلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردىكى ئاددىي خەلقلەر ئۈچۈن زىرائەت ئۆستۈرۈشنى ئويلىغان. دېمەك تەڭرى ھەممە جايدا بار ۋە ئۇ تەنھادۇر، چوڭدا.

— ئەلۋەتتە جىمى ئالەمدە — تەڭرى تەنھا. پەقەتلا ھەر ئىقلىم ئۇنى ئۆزىچە، ئۆزگىچە چۈرۈشار.

— مېنىڭ سىزدىن يەنە سورىماقچى بولغىنىم، تۇردالىم چوڭدا، — دەپ، ئۆلۈفانىڭ دىققىتىنى ئاخىرقى مەسىلىگە بۆلدى تەيخې: — ئۇرخون دۆلىتىنىڭ 100 يىللىق مۇراسىمىغا يەنە ئۈچ يېرىم يىلغا قەدەر ۋاقىت بار. ياش باغمۇ ئۈچ — تۆت يىلدا يېتىلىدۇ، مېنىڭچە، دېمەك بىز ئەمدىكى كۆكلەمگە يېقىن تۇرپان تەرەپكە كارۋان يوللاپ، كۆچەتلەر ئالدۇرساق، ئۇ كۆچەتلەر يولدا ئۆلمەي، بۇ يەردە ئۈنۈپ - ئۆسەرمۇ؟...

تۇردالىم چال مېيىقىدا مەنىلىك كۈلدى - دە، لېكىن يەنە جىددىي چۈشەندۈردى:

— بۇ دۇنيادا قىزىم، مۇمكىن ئەمەس نەرسە يوق. ئەرەب فىرائونلىرىنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلگەن كۆمبەزلىرى، جۇڭگو سېپىلى — سەددىچىنىنى، تۇرپان كارىزلىرى، دۆڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆي — بۇلارنىڭ جەممىسى — كىشىلەرنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى بىلەن بەرپا بولغان. ۋەھالەنكى، شۇ كۆچەتلەرنى بىر ئايغا قەدەر كارۋان ئۈستىدە لايىق تۇپا ۋە نەملىكتە ساقلاش مۇمكىن بولسا، بۇ يەرگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، لايىق دەرىجىدە پەرۋىش قىلىنسا، — بۇ يەردىمۇ باغ ھاسىل بولۇر! ئەنە ئاۋۇ دەريا بويىدىكى «قۇردۇم» ئەتراپىدا تاللار بىلەن سۆگەتلەر ھەتتا دولانىما ئوخشاش مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ، ھېچقانداق، باغۋەنسىز ئۆسۈپ تۇرۇۋېتۇغۇ.

— ئۇدىزەر تېگىننىڭ كېلىشى بىلەن خان سايلىمىدىن كېيىن، بالاخان كېسەكە خۇددى ئاشۇ ئەجدادلار يادىكارلىقىدەك ھەيكەل ئورنىتىشنى قارار قىلساق، — سىزنىڭ يۇرتىڭىز تۇرپان تەرەپتىن لايىق ئۇستىلار تېپىلارمۇ؟!

— ئەجەپ! — دەپ تەئەججۈپلىنىپ قالدى قېرى ئالىم. ئاندىن يەنە تەيخېنى ئارتۇقچە پەرىشان

قىلماسلىق ئۈچۈن ئاددىيلىق بىلەن سوراپ ئېنىقلىدى: تاشچى ـ ھەيكەلچى ئۇستىلارنىڭ پىرلىرى سەددىچىننىڭ ئىچىدە، خانبالىقتا بارمايلا، لەنجۇنىڭ ئۆزىدىمۇ كۆپ، شۇنداق ئىكەن ئۇلارنى تۇرپاندىن ئىزدەشنىڭ نېمە ھاجىتى! ؟

بۇ قېتىم يولۇچى، سۆھبەتداشلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىق خېلى ئۇزاققا ھۆكۈم سۈرۈلدى. ئاتلار بىر خىل ئاياغ تاشلاشتا تىرىشقاندەك باشلىرىنى چۈلغۈپ ئىلگىرىلىمەكتە. كۈن چىڭقى چۈشتىن ئۆتۈپ، پېشىنگە ئېگىلىگەن بولسىمۇ، بوز تورغايلار سايراپ، تومۇز ـ چېكەتكىلەر چىقىرىماقتا. يامغۇر ـ يېشىن ئاز بولۇپ، دالانىڭ تەشنالىقى قانمىغانلىقتىن يېتىلمەيلا سارغايغان ئېسىقدىن كۆرە، بولتۇرقى شۇۋاق بىلەن ئەمەنلەرنى يېگەن ماللار ئۇسساپ، چاڭقاپ دەريا تەرەپكە سىلجىماقتا ئىدى... يولۇچىلار شەھەر سېپىلىغىمۇ يېقىنلىشىپ قالغان. شۇ چاغدا كۆڭلىدىكى ئەڭ ئاساسىي، ئەڭ مۇھىم ئويىنى ئېيتىپ ئۈلگۈرەلمەيمەنمۇ، دەپ تەشۋىشلەنگەن تەيخى، ئېتىنىڭ بېشىنى دەريا تەرەپكە تارتتى ـ دە:

— ئاتلارنى سۇغىرىۋالايلى، چوكدا، ـ دېدى.

تۇردالىم ئاقساقالمۇ ئۇنىڭ رايىچە بولۇپ، سەل چېكىنگەن ھالدا، مەلىكىنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە تەيخىنىڭ كەيپىياتىدىن، ئاياللىقنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىر ئىچكى تەۋرىنىش بارلىقىنى سەزدى.

ئۇ چاغلاردىكى يۈگەنلەردە ئاساسەن تۆمۈر ئېغىزدۇرۇق ئورنىدا، تاسما بولغاچقا، ئاتلار بىمالال سۇ ئىچەۋېرىدىكەن. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، تەيخى ئېتىنىڭ تاسما ئېغىزدۇرۇقىنى چىقىرىش بانىسى بىلەن يەرگە چۈشتى. دېمەك ئەمدى تۇردالىم چالغىمۇ يەرگە چۈشۈش لازىم ئىدى.

— دەريا ھاۋاسىنى يۇتۇپ، بىر دەقىقە ئولتۇرايلىچۇ، چوكدا، ـ دېدى ئۇ، بۇ چاغدا تەيخىنىڭ يۈرەككەپ ئىچكى ھالىتى ئۇنىڭ نازۇك ۋە سۈزۈك يۈزىدىن، ئويچان ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى؛ ئۇنى قاندىقتۇ بىر چوڭقۇر مۇڭ ـ قايغۇ قوچۇپ ئالغاندەك، زادى قىزىق سەپەر، قىزغىن سۆھبەتلەردىن كېيىن، ئىنتايىن ئۇزاققا سوزۇلۇۋاتقان ئېغىر سۈكۈناتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئازابلاشقا باشلىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار دەريا سۈيىنىڭ خېلىلا ئولغىيىپ مەيىن شامال ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ، بۇ ھالەتكە ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىنىڭ كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىماي يوغان تاشلار ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇشنى داۋام قىلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، چوكدا، سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇم... ـ دېدى ئاخىرى تەيخى خان ئەۋلادىغا خاس سىپايىلىقى بىلەن. تۇردالىم ئاقساقالمۇ:

— بىرەر چوڭ مەسىلە ئۈستىدە ئويلاپ قالدىڭىز، قىزىم، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرغاندەك قىلىدۇ... ـ دەپ، ئۆزىنىڭ تىڭشاشقا تەييارلىقىنى بىلدۈردى.

— شۇنداق... شۇنداق، چوكدا! سىزگە ئېيتماي مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ماڭا ھازىرچە دۆلەتنىڭ 100 يىللىق مۇراسىمىغا تەييارلىق ئىشلىرى تاپشۇرۇلغان، سىز بىلەن بىرلىكتە شۇ ئىش ئۈچۈن، كۆڭۈللۈك باش قاتۇرۇۋاتىمەن. بىراق، بۇ تەرەددۇت ـ مولجاللارنىڭ ئاقىۋىتى، بولۇپمۇ مېنىڭ ۋە مېنىڭ ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئۈچۈن يامان بولۇشى مۇمكىن، دېمەكچى ئىدىم... بۇ يەردە مەسىلە بىزنىڭ تەرەددۇت ـ مولجاللاردا ئەمەس. بەلكى مېنىڭ تەقدىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تۇرۇۋپتۇ، چوكدا.

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن، سايلامدىن كېيىن بايخان تارخان خان تەختىگە ئولتۇرىدۇ ـ دە، قانۇنىي يوسۇندا مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالماقچى بولىدۇ. مەن بولسام ئۇنىڭغا كۆنمەيمەن. ئۆمرۈمدە بىر قېتىم، يەنى دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى قېتىم ئۆز خاھىشىم بويىچە ئۇدۇزەر تېگىن بىلەن رەسمىي باش قوشۇشنى خالايمەن؛ قانۇن بويىچە مەن ئۈچ خانغا مىراس تېرىقىدە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولدۇم، ئەمدى ـ ئەركىن خوتۇنمەن. مېنىڭ بۇ ھوقۇقۇمنى تاك سارىيى ھىمايە قىلىشقا تېگىش. ھازىر ئۇدۇزەر تېگىننىڭمۇ بېشى بوش. بىرىنچىدىن ئۇنىڭ خوتۇنى تۇغماس ئىدى، ئىككىنچىدىن ـ ئۇ ئايال بىزدىن ئىنتىقام ئالىمەن، دەپ جاڭلەن سەردارغا ئالدىنىپ، ئۆزىنىمۇ ئۇدۇزەردەك قولباشچى ئەرنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ھاقارەتلىدى. شۇ تۈپەيلىدىن تەگرى ئۇنى ـ ئەقلىدىن ئايرىدى. بىراق ئۇنىڭ بارلىقىنى ياخشى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزلىرىچە ئۆلچەيدىغان ـ كېلىشىۋالايدىغان مەككار بايخان تارخان بىلەن جاڭلەنلەر، نارىسىدە گېسە خاننىڭ ئۆلۈمىنى بىزگە ئارتىپ، ئۇدۇزەر ئىككىمىزنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن! ...

تۇردالىم سەسكەنگەن ھالدا:

— تەڭرى ساقلىسۇن مۇنداق شەيتانلار قەستىدىن، قىزىم! — دېدى-دە، باشقا بىر ەر مەسلىھەت پىكىرگە كېلەلمەي: — ئۇدزەر تېگىن ھەققىي سىزيان — سىزدىن!

تەيخې بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىنمۇ ياكى كىنايە بىلەنمۇ كۈلۈپ قويدى-دە، ئىنتايىن ئېنىق جاۋاپ بېرىپ:

— ئۇدزەر تېگىن زادىلا «سىزيان — سىزدىن» ياكى، نەمۇنىلىك ئەر ئەمەس، چۈنكى، ئۇ پەقەت ئۆز ئېتىنىڭ قەھرىمانى، باتۇرى. ئەددى تەڭرىگە ئىشىنىش توغرۇلۇق بولسا — ئۇمۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ خانلىرىنى، ئاندىن بىزگە ئوخشاش خانىملىرىنى ھىمايە قىلىدۇ. كۆپچىلىك خەلقنى بولسا، ھىمايە قىلىش ياكى ھىمايە قىلماسلىقى مۇمكىن. ئۆتمۈشتە بۇنداق ئىشلار بولغان، ھازىرمۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

— ھەر ھالدا، ئاشۇ ئۇدزەر تېگىن، يان تۆرە ئوخشاش ياقتال كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرى بىرلەن ھەرىكەت قىلىش، قىزىم. دۆلەت تەختىدە ئولتۇرىدىغان كىشىمۇ شۇنداق ئۇلۇغلار بىلەن ھېسابلىشار، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا، توغرا ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان بولۇر...

تەيخې ئىلىم — پەن دۇنياسىدا شۇ قەدەر زېرەك، شۇ قەدەر ئۆتكۈر تەپەككۇرلۇق تۇردالىم بۇۋاينىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، مەنسەپ ۋە مەنپەئەتكە ئوخشاش مەسىلىلەردە كويلاكى سەبىلەردەك ساددىلىقىغا كۈلمەكچى بولدى-دە، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى سېزىپ، خىجالەت بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغاچ، يەنە خۇش مۇئامىلە، سەممىيەت بىلەن سۆزلىدى:

— مەزكۇر مەسىلىلەردە ئۇلار بىزدىن كۈچلۈك، چۈنكى، ئۇلار كۆپ نەرسىنى ئويلاپ، كۆپ نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەكسىچە، تىمىسقالارغا ئوخشاش، ئۆز ئولجىسىغا ئېتىلىپ، ئۇنى يىمىرىشقا تىرىشىدۇ. خالاس!

تەيخې شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئوھ تارتىپ، بىر چوڭقۇر تىنىدى-دە، خۇلاسە پىكرىنى ئېيتتى: — شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى — ئۆزى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن...

## VII

تەيخېنىڭ تەشۋىشلىك سېزىم — تەسەۋۋۇرلىرى پۈتۈنلەي رېئال ئاساسقا ئىگە ئىدى. ئوردىدا بولۇپمۇ كەلگۈسى خان بايخان ئەتراپىدىكىلەر ئەمدى بەكمۇ قويۇقلىشىپ، سۇرلۇق قارا بولۇتلارغا ئوخشاش، بوران بىلەن چاقماق چېقىشقا تەييار بولۇشقانىدى. ئۇيغۇرلار ئاغدارلىق قىلىدىغان 33 قەبىلە باشلىقلىرىدىن ساياھغا 20 سى كەلدى. ھۆرمەت ئۈچۈن مېھمان تېرىقىسىدە چاقىرىلغان توققۇز، شاتۇ خەلقلىرىنىڭ خان — تېگىنلىرى كەلگۈسى خانغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغا — تۆھپىلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئالايىتەن تىكىلگەن ئاق ئوتاۋلاردا ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، نۆكەرلىرى بىلەن قىمىز — بوزا ۋە قوزا — قولۇن گۆشلىرىدە كۆتۈلمەكتە ئىدى؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورخون دەرياسىنىڭ بويىدا شىكارلاردا يۈرەتتى، يەنە بىرلىرى — پايانسىز چەزىرىدىكى بىردىن بىر چوڭ شەھەر — پايتەخت قارا قورۇمنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بازارلىرىدا ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرىدىغان غەيرىي ئەل كارۋانلىرى بىلەن مال ئالماشتۇرۇپ، تىجارەت قىلىشاتتى.

ئاخىرى، تۈنۈگۈن كەچتە (ئەتتەي بولۇش كېرەك. ئۇيدان قاراڭغۇ چۈشكەن بىر مەھەلدە) قىرغىزلار خېنىسى ئاجو نويانىنى تەكلىپ قىلىپ، «ئېلىپ كېلىشكە» كەتكەن چاكلەنمۇ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن قايتىپ كېلىپ، بىردىن بايخان ئۆيىگە كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق سۆز بولدى. چاكلەن قىرغىزلاردىن قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدى — بۇ توغرۇلۇق سايلام جەريانىدىمۇ، ھارىپسىدىمۇ، ھېچكىم، ھېچنېمە بىلگىنى يوق. ئەمما بايخاننىڭ ئاقساقاللار ئالدىدا: «قېرى ئاجونويان ئالجىغانلىقتىن، ھۆرمەتنى قوبۇل قىلماي، بىزگە ھاقارەتلىك جاۋاب قايتۇرغان!» دېگەنگە ئوخشاش چەكلىك سۆزلىرىدىلا مەلۇم بولدى.

بۇ يەردە بىر تارىخىي ھەقىقەت ئىككى شەخسنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىككى قېتىم بورمىلانغان. بىرىنچىسى — ئاجونويان بىلەن چاكلەن ئارىسىدا بولغان سۆز ۋە نويانىنىڭ بەرگەن جاۋابى. قىرغىزلار ئېلىنى 40 يىلدىن بېرى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دالا قىرانى ئاجو، 10 يىلدىن بۇيان بايخاندىن ۋە باشقۇرغان ھاكىمىيەتتىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۆزلەپ يۈرگىنىنى ئېيتقان بولۇپ، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىدىن ئۆچ ئېلىشنى كۆزلىمىگەن، شۇڭلاشقا ئۇنى ئەيىبلەش توغرا ئەمەس ئىدى.

«مەگەركى، قارا قورۇم ئوردىسىنى ئۇدزەر تېگىن، يان تۆرىدەك ئابرويلۇق ئەرلەر باشقۇرسا، يەنە ئۆزئارا قان تۆكمەي، قاتار ياشىشىمىز مۇمكىن» دېگەنىدى ئاجو نويان.

www.uyghurkitap.com



ئامما جاڭلەن تېگىن ئاتىسىدەك ئادەم بىلەن شۇنداق مۇھىم سىياسىي مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىشنىڭ ئورنىغا: «نويان ياخشى كۆرگەن ئۇدزەر تېگىن تاڭ مەلىكىسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، چاڭئەندىكى تاڭ خاقانىغا سېتىلىپ كەتتى. ئۇ چاڭئەنگە مېڭىش ئالدىدا بالاخان كېچە سۈيقەست قىلىپ ئۆلتۈردى... ئەمدى ئۇ ئورخونغا قايتىپ كېلەلمەس... كەلگەن تەقدىردە، شۇ ھامان ھالاك بولىدۇ» دەپ ۋايسىغانىدى. ھەتتا ئۇ ئورخون ئۇيغۇر دۆلىتىنى قايتىدىن ئۇمۇم تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ دۆلىتىگە ئايلاندۇرماق ئىمكانلىكىنى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ خەلقى خەيلەنزىلەر قىرغىز خاقانى بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىدىغانلىقى... قاتارلىق سەپسەتىلەرنىمۇ سۆزلىگەنىدى.

شۇنىڭغا قارىماي، ئاجو نويان ئۆزىگە خاس كەم سۆزلۈك بىلەن:

— سەۋر تۈۋى — سېرىق ئالتۇن، — دېگەنىدى، — ئېيتىمىزغۇ، مۇمكىن قەدەر بايخاننى تەختكە يولاتماسلىق كېرەك. ئەگەر بولمىغاندا ئۇدزەردەك قولباشچىنىڭ ئايىغىدىن چالماكلار! ئېنىڭ باشقا ئېيتاردىم يوق. سېنىڭ دەريا ئاتلاپ، تاغ ئېشىپ، قىزىققانلىق سۆزلەرنى ئېيتقىنىڭ ياقمىدى. شۇنداقمۇ، يەككە ئۆز بويۇتتايمىگىنى ئېيت — رىزا قىلاي. (جاڭلەن ئاجونوياندىن ئېلىدىن قانداق سوۋغىلارنى سوراپ ئالغانلىقىنى بايخانغىمۇ ئېيتمىدى. ئەمما بەزى ئۆزۈن قۇلاقلار ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر قىل يورغىسى مىنىپ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقانىدى.)

ئەمدى ھەقىقەتنىڭ ئىككىنچى بۇرمىلىنىشى بولسا — پەقەت ئۇدزەر تېگىنگە باغلىق بولۇپ، جاڭلەن بۇ يەردە زور ئۈتۈققا يەتكەندەك ئىشەنچ بىلەن:

— ئۇدزەر ئاجونويان بىلەن خانبالىق ئارقىلىق ئالاقە باغلاپ، بىر مەقسەتكە كەپتۇ، — دېگەنىدى بايخانغا، — ئەگەر ئۇدزەر تېگىن سايلام ۋاقتىغىچە كېلەلمىسە، بەرىبىر سېنى تەختتىن غۇلىتىپ، ئۆزى ئولتۇرماقچى، بۇ يەردە تەيخېنىڭمۇ ھېلىسى كۆپ.

بۇ خىل پىتنە - پاسات سۆزلەر بىلەن بايخاننىڭ قېنىنى قايناتقان جاڭلەن، ئۇنى تامام ئىككىلەندۈرۈپ قويدى، لېكىن، باشتا تەيخې قەيت قىلغانىدەك، بۇ شىددەتلىك دالا ئېلىنىڭ، شۇنداقلا قورقۇمسىز ۋە شىجائەتلىك باشچىلىرى ھەرقانداق مۇرەككەپ شارائىتتا ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى بىلىدىغان.

«دېمەك سايلامدىن كېيىن، ئوردىدىكى بۇ ئىككىنىڭ بىرىنى قىلىش كېرەك: ئۇلارنىڭ بىرىگە - يەنە بىرىنىڭ قېنىنى ئىچكۈزۈش ياخشى بولۇرا...» — دېگەن ئىچكى خۇلاسىگە كەلگەن بايخان. ئاندىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇ قېرى ئاجونىڭ رەڭگى روھى، يەپ - ئىچمىكى قانداق ئىكەن!... دەپ سوراپ قالدى.

— رەڭگى خۇددى تىبەت لامالىرىغا ئوخشاش، ئۇيقۇلۇقتۇر... مىجەزى تولىمۇ ئېغىر ئىكەن. لېكىن ئالدىغا ئاش كەلتۈرۈلگەن، بۆرىنىڭ ئۆزى، — دەپ تەرىپلىدى جاڭلەن. بۇنى ئاڭلىغان بايخان، ئاجونوياننى ئۆزىچە باھالاپ:

— ئۇ چال بولۇپ، ھاردى سۆزىمىز، — دېدى، لېكىن كۆڭلىدە قېرى نوياننىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يىگىتلەردەك غەيرەتكە تولۇپ ياشناپ كېتىدىغانلىقىنى قىياس قىلدى.

× × ×

سايلام. ئۇ ھەربىر خەلق، ھەربىر دەۋردە قانداق شەكىل، قانداق ئۇسۇل - چارىلەر، ھىلە - مىكىر ۋە كۈرەشلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلمىسۇن، ئۇنىڭ مەنىسى ھەممە ۋاخ، ھەممە ئەللەردە يەككە - يېگانە ئۆزگىلەردىن ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان، ھونلاردىن كېيىنكى ئومۇم تۈركلەر بىرلەشمىسىنى يوق قىلىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن 33 قەبىلىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئورخون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى — ئۇيغۇرلار بىلەن بۆرە ئەجدادلىقلار ئىچىدىن تېخى ھېچكىم خانلىق تالاشمايتتى: ئىلگىرى - كېيىن سايلاملاردا بولۇپ كېلىۋاتقان تالاش - تارتىش ماجرالار ئاساسەن، تايپا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاش ۋاقىتلىرىدا يۈز بېرەتتى. لېكىن ئۇ ماجرالارنىمۇ باش ئوردا - قارا قۇرۇم ھۆكۈمرانى جان دەپ رەتكە سالاتتى.

بۇدا قېتىم قارا قۇرۇمدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان خان سايلىمىمۇ، — چوڭقۇر ئىچكى زىددىيەتلىرى بىر زور داغدۇغا، تەرەددۇتلەرگە قارىماي، — ھېچ بىر تالاش - تارتىشسىز، كونا پارقىراپ چىققان بىر كۈنىدىلا، تامام بولغانىدى.

سايلامدا، پان تۆرە بارچە ئاقساقاللار نامىدىن دۆلەتتىكى ئاساسىي ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان قىلىپ، بايخاننى خانلىق تەختىگە تەكلىپ قىلغاندا، ھېچكىم قارشى بولمىدى، كېيىن ئۇنى تەبرىكلەش ۋە ئىزگۈ تىلەكلەر تىلەش جەريانىدا، نايمانلار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شوڭقار ئاتا بىلەن، چىگىل ۋە ياغمىلار نامىدىن سۆزلىگەن ئاقساقالنىڭ بايخان بىلەن جاڭلەنبەگ سۆكەك - سۆكەكلىرىدىن ئۆتكۈدەك سۆزلىرى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.

— مەن سايلام ئۈستىدە سۆز ئاچمىدىم بايخان. ئەمدى ئېلىم نامىدىن ساڭا شۇنى جىكىيەيكى! — دېدى نايمانلار باشلىقى شوڭقار ئاتا خۇددى بوكلۇنكى بىزنىڭ سايلىغۇچىلار ئۆز نامزاتلىرىغا ناكاز بەرگەندەك،— سەن ئەمدى قولباشچى ئەمەس،—خان! شۇنداق ئىكەن، بىر ئىلاجى قىلىپ، قىرغىز باغرىمىز ئاجونويان بىلەن تىل تاپ! بىزدە «ئۆزەڭ قاقتىڭمۇ، ئۆزەڭ تاپ» — دېگەن سۆز بار.

چىگىل ۋە ياغمىلارنىڭ ئاقساقىلى بولسا، نايماننىڭ تەلىپىدىنمۇ تېز ھەل قىلىش ھاجەت بولغان مەسىلىنى، خۇددى يىر پارچە چوغ مىسالى خاننىڭ ئالقىنىغا سېلىپ قويغاندەك بولدى: ئۇ ئاشۇ ئىككى قەبىلە نامىدىن ئەڭ ئاۋۋال بالاخان كېسەلنىڭ قاتىلىنى تېپىش، جازالاشنى تەلەپ قىلدى!

ئۇلارنىڭ مەزكۇر تەلىپى مانا، ئەھمىيەت ھەم كەلگۈسى ئىستىقبال جەھەتلەردىنمۇ، نايمانلار شەرتىدىن مۇھىم ۋە مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى-يۇ، لېكىن بۇ يەردىكى پەۋقۇلئاددە نازۇك ۋە بايخان ئۈچۈن مۇدھىش تۇيۇلغان بىر ھەقىقەت بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر قەبىلىلەر خەلقلىرى بولسا بىۋاستە ئۇدۇزەر تېگىنىنىڭ ئاتا تېگى، ئېپىلداشلىرى ئىدى.

× × ×

مانا بۇ يەر ئاستى ئېقىملىرى ئوخشاش كۆچكە ئىگە مەسىلىلەر ئوردىدىكى يېڭى خاننىڭ بىرىنچى كېچىسى — مەجلىسىدىلا تاشقىرىغا ئېيتىلىپ چىقتى.

مەجلىسكە ئوردىدىكى تۆت تارخان، ئۈچ تېگىن، باش بېگى پان تۆرە ۋە يەنە بىرقانچە ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەنسەپ ئىگىلىرى چاقىرىلغان. بىرىنچى كېچىسىلا، زىيادىيەت تۇغۇلمىسۇن، دەپ ئويلىغان بايخان، مەجلىسكە جاڭلەننىمۇ، تەيخېننىمۇ تەكلىپ قىلمىغانىدى.

— ئىزگۇ - ئۇلۇغ تۆرىلەر، — دېدى ئۇ بەئەينى بىر يارلىق ئوقۇغاندەك پەۋقۇلئاددە جىددىي تۇستە،— مەن ئوردىدىكى بۇيرۇق ئىگىلىرىنى شۇنداق قالدۇرىمەن، بىرلا ئالىي قولباشچى ئۇدۇزەر تېگىننىڭ ئورنىغا، ئۆزگە كىشى تەيىنلەش كېرەكتۇر. سىلەر ياخشى بىلىۋرسىلەر: ئۇمۇمى تارخان ئۈچ يىلدىن بېرى جۇڭگو — تىبەت ئۇرۇشىدا يۈرۈپ — چارچىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يارىلاندى. ئۇدۇزەر تېگىن بولسا ياش، كۈچلۈك، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا كۆپ چىۋەردۇر ...

شۇ يەرگە كەلگەندە خان سۆزىدىكى سۇكۇناتتىن پايدىلىنىپ:

— ئۇنىڭ ئورنىغا كىم بولۇر؟ !— دەپ سوراپ قالدى ھەربىي باشلىقلارنىڭ بىرى — سا تېگىن.

— جاڭلەن!

خاننىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغلاردىن بىرنەچچىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئىناۋەتلىك پان تۆرە سوئال قويدى:

— خان، بۇ سىزنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىڭىزمۇ؟

بايخان قوشۇما قاشلىرىنى تۈرۈپ:

— پان تۆرە! — دېدى زەردىلىك ئاھاڭدا، لېكىن تېخى خانلارغا خاس ھۆكۈمرانلىقتا ئادەتلەنمىگەنلىكتىنمۇ، رەڭگى ئۆڭۈپ - تاتىرىپ، گېپىنى داۋام قىلدى، — سەن ... سەن ... ياخشى بىلىۋرسەن، پان تۆرە، خاننىڭ ھەسلىھەتى بىلەن بۇيرۇقى بىر بولۇر!

ھەرقانداق زاماندا سوت، بولۇپمۇ ئالىي سوت لاۋازىمىدىكى ئادەملەر بىلەن قانۇنلار ھەققىدە تالىشىش ئاسان بولمىغان. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، پان تۆرىمۇ خاننىڭ قارشى سۆزىدىن قانائەتلەنگەندەك ئىيپادە بىلدۈرۈپ، ئىنكارسىز ئىسپات كەلتۈردى.

— خان بايخان، ئەمدى سىزنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ بىز ئۈچۈن بۇيرۇق ۋە يولدۇر. ئۆزۈڭ مېنى — باش بېگى دېدىڭ. ئۇ چاغدا مەن پات - يېقىندا جاڭلەننى تۇتقۇنغا ئالارمەن! بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سايلامنى كۈتكەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بارچە قىلمىشلىرىنى ئاشكارا قىلىش پەيتى كەلدى. بىز ئۇنى گۇناھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن چاپارمىز! بولمىسا — مېنىڭ بېشىمنى ئەل ئالسۇن!

— يەنە كىم سۆز ئېيتتۇر؟ — سورىدى خان تورغانلارغا قادىلىپ.

— مەن، — دېدى يەنە سا تېگىن، — ئۇدزەر تېگىن باش قولباشچى بولمىسا — مەنمۇ تۇمەننى باشلاشنى قويۇرمەن، خان.

— يەنە كىم سۆز ئېيتتۇر؟

— ...

— سا تېگىن، — دېدى بايخان باشقىلاردىن ئاۋاز بولمىغاچقا، ئۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلغان بولۇپ، — ئۇدزەر تېگىن تۇمەنىدە مىڭ بېشى، بولمىسا — يۈز بېشى بولغىنىدا، سىرىق دەريا بويىغا يۈرۈش قىل! يان تۆرە بىلەن بىز جاڭ لەننىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرىمىز ...

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى خان مەجلىسى شۇنداق كەسكىن ۋە چولتا ئاياغلاشتى. ئەسلىدە بايخان بىر — بىرسىگە باغلىق بىر مۇنچە ئاساسىي مەسىلىلەرنى، مەسىلەن: قىرغىز ئېلى ئالدىدىكى ئۆز گۇناھى، ئۇچۇن، ئۇلاردىن كېلىشى مۇمكىن بولغان زىيان — زەخمەتلەر توغرۇلۇق ئېيتىپ، ھەربىي يۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىشتەيخى خېنىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش، ئۇدزەر تېگىننى كۆزدىن نېرى قىلىش ۋە ئورخون دۆلىتىنىڭ 100 يىللىق مۇراسىمى ئۇچۇن بولىۋاتقان تەييارلىقنى تامام توختىتىشقا ئوخشاش مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلماقچى ئىدى، لېكىن ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. بايخان ئاساسىي مەسىلىنىڭ بىر ئۇچىنىلا چىقىرىپ كۆرۈۋېدى، ھەل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ نارازىلىقى مانا مەن، دەپلا ئاشكارا بولدى. «بىر ھېسابتا بۇنىڭمۇ زىيىنى يوق، — دەپ ئويلىدى بايخان، — ئەمدى بۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالدىم.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەتە — ئۆتكۈندىن قالماي، يان تۆرە، جاڭ لەن، تەيخېلەر بىلەن ئۇزۇل — كېسىل سۆزلىشىپ كۆرۈشنى ئويلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان، ئېيتىشى مۇمكىن بولغان سۆزلىرى، تەكلىپ — تەلەپلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولدى-يۇ، لېكىن بۇ خاھىشىدىن ھېچ بىر سادا چىقمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى غۇۋالاشتى. بايخان ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى جىسمانىي ھارغانلىقتىنمىكىن دەپ ئويلىدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ياخلان گۆشى بىلەن بوزا — قىمىزغا تويۇپ، ئىنتايىن ياخشى ئۇخلايدىغان بايخان ئاتمىشقا قەدەم قويغان بولسىمۇ سالامەتلىكى بىلەن كۈچ — قۇۋۋىتىنى 25 تىمكى يىگىتلەردىن كەم ھېسابلىمايتتى. ھەتتا ئۇ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى 75 تمكى ئاجو نويان بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندەك خۇشال بولاتتى.

«كىم بىلەن سىرداشسام بولاركىن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرا — تۇرۇپ، — ئاتامنىڭ ياخشى، قوۋ ئەقلىچىسى بار ئىدى. مېنىڭ ئەقلىچىم — بالا باققۇچى ئىمىل ئانىلار ئوخشاش كۈلكۈلۈك، يۇۋاش ئادەم ... ئۇنىڭغا سىر ئېيتىشتا بولماس. ھازىرچە يەنە جاڭ لەندىن ئۆزگە ئىشىنەر كىشىم يوق. بىراق ئۇنى يان تۆرىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قانداق ساقلاپ قېلىش كېرەك؟! بىزدىن تامام بۆلۈنۈپ، خەتەر تۇغدۇرىۋاتقان خاقاس، شاتۇ، قارلۇقلارنىڭ بارلىقىنى جاڭ لەندەك قېنى قىزىق، قولى قاتتىق قولباشچى بىلەن بېقىندۇرمىسالىق، ئەل بولماس! ئەڭ يامىنى — ئۇدزەر تېگىن. ئۇ، بودا تەڭرىنىڭ قىزى تەيخېنىڭ سېيرىغا بېرىلىپ، ياۋلار تەرەپكە ئۆتۈشى مۇمكىن ... ئۇدزەرنىڭ ئاتىسىمۇ قىرغىزغا بەك يېقىن ئىدى. ھاكۋاقتىلار! پەيلو، مويونچۇر ئاتىلىرىمىز يولىنى ئۇنتۇغان ھاكتىيا باققانلار! مېنى شۇ ئۇلۇغلارنىڭ روھى قوغدايدۇ! مەن ئىدىگان خانىنىڭ ئورۇقىمەن»

× × ×

بايخانىنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى بىلگەن ئوردا خىزمەتچىلىرى، ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك غىزانىڭ تەييارلىقىنى، ئەيمەنگەن ھالدا ئېيتىشۇدى؛

— ئالدى بىلەن چايقىنىش كېرەك بولۇر! — دېدى بايخان تېرىككەن ھالدا.

— ئىسسىق سۇ، ياخشى سوپۇنلار تايىن، ئۇلۇغ خان.

— سىرتقا چىقىشىم كېرەككۇ ...

— ئولتۇرۇر ئورۇن باردۇر ئوردىدا، ئۇلۇغ خان.

— ئورنۇڭ قۇرۇسۇن! ئات ئالدۇر سىرتقا چىقارمەن!

خىزمەتچىلەرنىڭ بىرسى تېخىچە ئوردا تەرتىپلىرىگە ئادەتلىنىپ ئۆگەنمەيۋاتقان بايخانغا ئات توقۇپ كېلىش ئۈچۈن، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭ چاپان-تونلىرىنى ھازىرلاش ئۈچۈن يۈگۈردى. بايخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ، خەۋەر بېرىشىنى كۈتمەي، ئىشىك تۈۋىدە چۆگۈن بىلەن داس تۇتۇپ تۇرغان خىزمەتچىگە: «بۇ كۈنكى غىزادا تەيخې بولسۇن!» — دەپ بۇيرۇغاچ، سارايدىن چىقىپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى ۋە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارماقچى بولغان نۆكەرلەرنى قوغلىۋېتىپ، ئېتىغا قامچا ئۇردى-دە، چاپقان بويى شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ كەتتى. ھەر ھالدا، تازا ئايدالاغا نېمە يەتسۇن! بايخاننىڭ بۇ قىلىقى ئۇنى كۆرگەنلەر، ئاڭلىغانلارنىڭ كۆپىگە ياقتى. لېكىن تەيخې خېنىم بولسا كۈلكىدىن ئاغزىنى يىغالمىدى.

## VIII

ھەر بىر ئەلدىكى ئادەتلەرنىڭ يارىتىپ يەيدىغان تائاملىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئۆلگىلىرىدىن خەۋەردار سارايى ئاشپەزلىرى، يېڭى خاننىڭ تالغىمىنى سۈرۈشتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا لايىق داستىخان ھازىرلىغانىدى. لېكىن ئەتىگەنلىك ناشتىدا تەيخې خېنىمنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچ، ئۇنىڭغا ئالايىتەن سەيلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتى. يېڭى خان ماني دىنىدىكى كۆپچىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش، بۇ دىننىڭ گۆش، ماي قاتارلىق تاماقلارنى چەكلەش قائىدىلىرىگە ئانچە رىئايە قىلمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن پىشقان سوغۇق گۆش بىلەن قايماق، نان ئورنىدا قۇرۇت-ئىرىمچىكلەر، ئىككىنچىسىگە مېيى چەلگىنىپ تۇرغان شورپا، ئۈچىنچىسىگە چاي تەييارلىدى. تەيخېگە بولسا ئاساسەن، پىشۇرۇلغان گۈرۈچ، تۇرۇپ، چامغۇر بىلەن سامساق ئارىلاشقان خام سەي، پۇتۇن پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە تۇرپان ئۈزۈمى، ناۋات قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈملەر...

خىزمەتچىلەرنىڭ بىرسى بايخانغا مۇراجىئەت قىلىپ تىلماشنى چاقىرىش، كېرەكمۇ-يوقمۇ، دەپ شىۋىرلاپ سورىدى. خان بىردىنلا:

— كېرىكى يوق! — دېدى. ئاندىن تەيخېگە مۇراجىئەت قىلىپ: — ھۆرمەتلىك مەلىكە، سەن بىزچە بىلمەسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى.

تەيخې مىيىقىدا مەنىلىك كۈلۈپ قويدى-دە، بېشىنى لىڭشىتىپ، بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىچىدە بولسا يەنە: «بۇ ئەلنىڭ بايخانىدەك، رەندىسىز، قوپال خانلىرى بەزەن ئاددىي دالچىلاردىنمۇ مەدەنىيەتسىز. ئۇلاردا تەبىئىي كەمتەرلىك، ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىززەت-ھۆرمەت تۇيغۇلىرى بار ھۆكۈمرانلىرى بولسا، ياخشى خىسلەتلىرىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا تېگى-بۆرىگىلا ئوخشاپ كېتىدۇ!...» دېگەن مۇلاھىزىگە كەلدى ۋە خاننىڭ دەرگاھىغا ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ، كىرگىنى ئۈچۈن پۇشايمان يېگەندەك بولدى.

دېمىسىمۇ «بۆرە ئەۋلادى». بايخان تەيخې خېنىمغا نىسبەتەن بىپەرۋا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، خېلىدىن-خېلى ئۆزىنىڭ ئىشتىھاسىنى باسقان ھالدا، گۆشنى ئازدىن، ئاستا كۆشەپ، دەممۇ-دەم ئۇنىڭ كۆزىگە ھەۋەس بىلەن سەپ سالاتتى. لېكىن ئەيمەنگەنلىكىدىن ئۇزاق قارالمايتتى. ھەقىقىي گۈزەل ۋە قەلبى باي ئاياللاردا سۆز بىلەن ئېيتىپ بولمايدىغان بىر ھەيۋەت مەۋجۇتكى، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا ھەر قانداق ئەر، يىگىت ئۆزلىرىنى ئاياللار يۈرىكىنىڭ ئاچقۇچى دەپ ھېسابلايدىغانلارمۇ ھودۇقۇپ، تىترەپ قالىدۇ. تەيخې خېنىمنى كۆرۈپ ئۆز ۋۇجۇدىدا شۇ خىل ھالەتنى كەچۈرۈۋاتقان بايخان غىزالىنىش ئۈستىدە ئاغزىغا گەپ كەلمەي، تەيخېنىڭ جامالىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان چوكىلىرىنى تۇتقان ئۇزۇن ۋە نازۇك بارماقلىرىغا قاراپ قالغانىدى. خېنىمنىڭ ئەۋرىشىم بىلەكلىرىدىكى، يېڭى پىلەك ئاچقان گۈلگە ئوخشاش قولاقلىرىدىكى، گۆھەر، زۇمرەت كۆزلۈك، ھالقا-ئۈزۈكلىرى، ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆپلەپ ئالدۇرۇپ، كۆپلەپ تاقايدىغان دالا ئاياللىرىنىكىدىن ئالاھىدە چىرايلىق ۋە ئۆزگىچە يارىشىپ تۇراتتى.

«بۇ ئاسمان تەڭرىسىنىڭ قىزى ماڭا خوتۇن بولسا، ئۆزەم ئۆلمەي تۇرغاندا، ئۆزگىگە بەرمەسمەن! يات كىشىگە كېتىدۇر بولسا، ئۇنى يوق قىلىش ياخشىدۇر!...» دېگەن كەسكىن ئوي كەچتى ئۇنىڭ بېشىدىن. بايخان، تەخمىنەن شۇ ئوقتىدىن سۆز باشلاي دەپ تۇرغاندا، تەيخې ئۇنىڭ ئويىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك:

— خان، نېمە ئۈچۈن ئوردىغا بالا-چاقىڭىزنى كۆچۈرۈپ كەلمەي، يالغۇز تۇرىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بىر ھېسابتا بايخان ئۈچۈن بۇ سوئال ئوڭۇشلۇقمۇ بولدى. ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولۇۋاتقان مەقسىتىنى بىردىن ئىزھار قىلىش پەيتى كەلگەندەك تۇيۇلدى.

— خانلار قۇتلۇقى سەن تۇرغاندا، نېمىگە مەن ئۆزگە خوتۇن ئېلىپ كېلىۋرمەن؟! — دېدى.

— مەن يېقىن ئارىدا چاكىنەنگە يۈرۈپ كېتىمەن، — دېدى قەتئىي ئاۋاز بىلەن تەيخې، — ھازىر ئۇدزەر تېگىننى كۈتۈپ تۇرارمەن.

بايخان يەنە ئۆزىنىڭ خانلىق تۇسىگە كىرىپ، ئۆزگىچە ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— ئەقىللىق ئايال سەن، تەيخې. بىلىۋر بىلۇرسەن: ئەلگە كىم كېلىپ-كېتۇر-بۇ خانىنىڭ بۇيرۇق خاھىشىغا باغلىق!

ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمرانە ئېيتقان سۆزى ئۆز پايدىسىغا بولماي، ئەكسىچە مەلىكىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئوتقا ماي قويغاندەك بولدى.

— مەن سېنىڭ ئېلىڭگە كېلىپ-كېتەر كارۋان بېشى، تىبەت لاماسى ئەمەس. مەن ئۇلۇغ تاڭ خاقانىنىڭ قىزى! ھازىر مەن تولۇق ئەركىنلىكتە: خالىسام — بىر ئەرگە ... ئوچۇق ئېيتاي — ئۇدزەر تېگىنگە خوتۇن بولۇپ قالۇرمەن! خالىمىسام، ئۇلۇغ خاقان سارىيىغا قايتىپ كېتۇرمەن.

— قوي، تەيخې، ئاچچىق سۆز بولماس ... — دەپ بىردىن ئاۋازىنى ئۆزگەرتتى بايخان، — دەل بۇ كۈنلەردە خاقان سارىيىمۇ بىزنىڭ كۈچكە باغلىق تورۇر. تىبەتلىكلەرنىڭ خېنسى شاڭكونجو تۇمەنلىرىنى توختىتىپ، تۇرغان مېنىڭ كۈچۈم!

— تەڭرى بار، بايخان شاڭكونجو تۇمەنلىرىنى توختىتىپ تۇرغان سىز ئەمەس، باش قولباشچى ئۇدزەر تېگىن بىلەن ئۇنىڭ باغرى ئۇكدە تېگىن! سىز بىر كۈن ئوردىدا ئولتۇرۇپ، قايسى بىر چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ئۇلگۈردىڭىز؟! بىر خوتۇن بىلەن تالىشىپ تۇرۇپسىز ...

تەيخې سۆزىدىكى قەتئىيلىكنى تېخىمۇ تەكىتلىگەندەك، خانىنىڭ رۇخسىتىنى سورىماي، ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن تامام چىقىپ كەتتى.

ئىنتايىن ئوسال كەيپىياتتا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغان بايخاننىڭ ئەمدى جاڭلەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلدى-يۇ، لېكىن پان تۆرە بىلەن ۋەدىلەشكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ يالتايدى.

× × ×

تەيخې ئۆزىنىڭ خانىسىغا چىققاندىن كېيىن، كۆڭلى بوشاپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاقتى. ئۆمرىدە دەسلەپكى قېتىم بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى، تەقدىرىنىڭ شۇ قەدەر مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنۈپ يىغلىدى ... شۇ ھالەتتە، ئۇ، تەقدىرىنىڭ، 11 ياشلىق خان كېيىمگە ئانىلىق مېھرىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يۈرەك-باغرىنى ئۆرتىگەنلىكىنى، بىردە شۇ نارەسىدە بالىنى ئېرى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنى ئەسلىدى. تەيخېنىڭ يادىغا ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى كەلدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي نەيرەڭلىرى ئۈچۈن ئادەتتىكىدەك سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنى شۇنداق يىراق يەردىكى، يات ئەللەر ئارىسىغا تاشلىۋەتكەن يات شەخسلەردەك تۇيۇلدى.

بىر چاغدا ئۇ «ئۆلۈمدىن تىرىك ئالا» دېگەندەك ئۆزىگە تەسەللى بەردى-دە، ئەينەك ئالدىغا بېرىپ، ئوتتۇققان قاپاقلىرىغا، سۆيگۈدىن بەھرىمەن بولغان پەيتلەردىكىدەك قىزىرىپ، كۆپۈپ قالغان نازۇك لەۋلىرىگە بېقىپ، كىنايىلىك تەبەسسۇم قىلدى؛ ئۇزۇن ئىنچىكە بويىنىنى جىلۋىلىك تولغاشتۇرۇپ، بىلمىنەر-بىلمەس يېپەك يىپتەك پەيدا بولۇپ چوڭقۇرلىشىپ كېتىدىغان مەككار قورۇقلىرىنىڭ ئىزناسى يوقلۇقىغا رىزا بولۇپ، خىزمەتچىسىنى چاقىردى. كۆپلىگەن شەرق ئەللىرىنىڭ، شۇ جۈملىدىن جۇڭگو ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئۇنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئايال، يەنە بىر خىزمەتچىسى ئەر كىشى ئىدى. بۇ قېتىم ئەر خىزمەتچىسىنى چاقىرغان. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان خىزمەتكارغا بالاخان كېسەنىڭ، ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ئاغىنىسى — ئاتاقلىق ئاتۋاز ئىلقىچىنىڭ بالىسى — ئىدىگاننىڭ ئېتىنى مىنىپ كېلىشىنى ۋە ئۆزىگىمۇ ئات ئىگەرلەپ قويۇشنى تاپشۇردى ۋە ئۇچىسىدىكى ئەتلىنى يېشىپ يول كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە، چوڭقۇر قايغۇرۇشنى بىلگەن ئادەم ئوبدان كۆڭۈل ئېچىشنىمۇ بىلىدىغان. تەيخېدەك نازىنىنلار بولسا، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز قەلبىنىڭ تەكپۈكلۈقىنى ساقلاشنى، روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەسلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى ياخشى بىلىدۇ. بايىلا ئاھۇ كۆزلىرىدىن تاراملىتىپ ياش تۆككەن تەيخې، ئات ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن بەئەينى شۇ ئاتنىڭ قانىتى بولۇپ ئۇچىدىغان ئىدىگان بىلەن چېپىشقان بويى، شەھەر سىرتىغا چىقتى.

تەيخې ئېتىنىڭ بېشىنى دەريا تەرەپكە بۇردى-دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ ئىدىگاندىن خېلىلا ئىلگىرلەپ

كەتتى. كىچىك ئاتۋازنىڭمۇ «ئات جىنى» تۇتۇپ ئۇ ھەم جەدە قاشقىسىغا قامچا ئۇردى- دە، تەيخىنى قوغلاپ
يەتتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە، ئاغامچا بوي ئالغا چىقتى.
— سىنى، توختا، — دېدى تەيخې، — ھازىر قوغلاپ يېتىپ ئاتتىن ئۆرۈپ ئالۇرمەن. ئۇ كۆلگەن بويىـ
چە ئەدىگانىنى قوغلاپ بىر ئاز يېقىنلاشتى - يۇ، لېكىن دەريا بويىغا بارغۇچە يېتەلمىدى.
— سىزنىڭ ئېتىڭىز توق. ياخشى تەرلىتىپ، تاڭ ئاشۇرۇش كېرەك! — دېدى ئەدىگان. دېمىسىمۇ، تېيىـ
خېنىڭ يورغا ئوخشاش بېلى قىسقا، تېكە باش، قەلەم قۇلاق بوز بايتىلى ئارتۇقچە سەمىرىپ، يـوغان قور-
ساق بولۇپ قالغانىدى.
— دۇرۇس ئېيتىسەن، بۇنىڭ ئوقۇردا يەم يەپ تۇرغىنى تۇرغان، — دېدى تەيخې، ئاندىن ئـەدىگانغا
قاراپ، — قانداق چۆملىمىزمۇ؟ سەن ئاۋۇ تاللىققا بېرىپ، يېشىنىپ چۆملۇۋەر. ئويالما، قـاردىمايمەن. ھە
مەن مۇشۇ يەردىلا چۆملىۋېرىمەن. مېنىڭ سوغا چۈشكەندە كىيىدىغان كىيىمىم بار. ئەندى ساڭىمۇ تىكىپ بېرىمەن.
— ئوغۇللارغا كېرىكى نېمە؟! بىز تامبال بىلەنلا سوغا چۈشۈۋېرىمىز، — دەپ بالا يان ئىزىملىك يەكـ
تىكمىنى، ئاندىن بولغار ئۆتىگىمنى يەشتى - دە، سۇغا سەكرەپ چۈشتى.
— چوڭقۇرغا بارما، سۇ ئۇلۇغ كەپتۇ!
— قورقماڭ. بىز بۇ سايدىن تالاي ئۆتكەن.
ئاڭغىچە سۇغا چۈشۈپ ئۇلگۇرگەن تەيخې:
— توختا بولدى! — دەپ ئەدىگانغا يېقىنلاشتى.
بالا بېلىغىچە سۇدا تۇرغان تەيخىنى تونۇمىغاندەك، قانداقتۇ بىر سۇ پەرىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك،
ھاياجان ۋە ئەيمىنىش سېزىملىرى ئىلكىدە قاراپ قالدى. ياش ۋە گۈزەل ئايالنىڭ ئـاق مـەرمەردەك سىمـ
لىق مۈرىلىرىگە، تېنىغا ئوخشاش رەڭدىكى يىپەك لېفىچىكىنى تېپىپ تۇرغان بودورق كۆكسىگە كۆزى چۈشۈپ،
خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك بولدى ... بۇ ھالنى بايقاپ، ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالغان تەيخې، «مەن مۇز-
لاپ كەتتىم...» دېگەن بولۇپ، قىرغاققا كەتتى.

× × ×

ئۇلار يول يىراق بولغانلىقتىن، ئاتلارنى قاتتىق يۈرتۈپ ماڭدى. ئانچە كېچىكمەي ئـورخوننىڭ باش
تەرىپىدىن بۆلۈنۈپ، ئاشۇ «قۇردۇم» دېگەن ئوپقان يەرگە سىڭىدىغان تارمىقىغا يېقىنلاشتى. ئـۇدزەر تېـ
گىنىنىڭ ئىلقىلىرىغا قارايدىغان مالچىلارنىڭ ئاۋۇلىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئىدى.
— ئە - ئە - ئەنە، — دېدى بىر چاغدا پۇتىنى ئۈزەڭگىگە تىرىگەن ئەدىگان، — ئىلقىچىلار دەل ئـاچا،
سۇ قۇردۇمغا قويغان يەردە يېتىپتۇ! — دېدى
تەيخىمۇ ـ ئەدىگانغا ئوخشاش سەپ سېلىپ، ئېتىزدىكى قارا تاۋۇزلاردەك چېچىلىپ ياتقان كەلگىز ئۆيلەر-
دىن چىقىۋاتقان ئىسـلارنى بايقىدى. ھەر ئىككىسى «ئەمدى ئاتلارنى يەنە قويۇپ بېرىمىزمۇ؟!» دېگەندە-
دەك بىر - بىرسىگە قاراشتى ... ئەپسۇسكى، دەل شۇ ھازادا چېتى يېقىنلاپ قـالغان ئاشۇ ئـوپقان تـەرەپتىن
ئىگەر - توقۇملۇق بىر ئات غەلىتە ھۆكرەك تاشلاپ چىقىپ كەلدى: نېمىشقىدۇر جانىۋارنىـڭ پۇتلىرى بىلەن
قورسىقى پاتقاق، كۆزلىرى تېڭىرقىلىق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان يولۇچىلار، بىر - بـىرسىگە مەنىـ
لىك قارىشىپ، قوردوم تەرەپكە ماڭدى.
ئۇلار ئوپقان چېتىدىكى شالاڭ ۋە پاكار قومۇشلۇققا ئولىشىش بىلەنلا، سەل يۇقىرىدىكى لۆمشۈپ تۇر-
غان يەردە بىر ئادەمنىڭ بېلىگىچە پاتقان ھالدا، قوللىرىنى ياردار قۇشنىڭ قاناتلىرىدەك ئىككى يېنىغا
ھە دەپ قېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ دەھشەتلىك ھالەتنى كۆرگەن تەيخې، ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمۇ-
ۋالدى. ئەدىگان بولسا، قىرغاق ياقىلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. تەيخې ئەدىگانغا نېمە دەپ مەسلىھەت بېـ
رىشنى بىلمەي، ئۆزىنىڭ ئىزىدىن ئېتىنى چاپتۇردى. بۇ چاغدا ھەر دائىم غانجوغىسىدا سـاقلايدىغان تاسما
ئاغامچىدىن سالما ياساپ ئۈلگۈرگەن ئەدىگان بىرلا پىقىرىتىپ، پاتقاققا پېتىپ قىلىۋاتقان ئـادەمنىڭ بېـ
شىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدى. ئاندىن لاتقا قوينىدىكى مەھكۇمغا:
— قولۇڭنى ئاغامچا ئۈستىگە چىقار! قورقما، شورتان بىلىقىدەك سۆرەپ چىقىمەن سـېنى، — دەپ ئەـ
شەنچلىك ۋارقىرىدى.

تەيخې مەھكۇم دولەتلەرنى ئوراپ چۇشكەن سالمىنى كۆرۈش بىلەن، «تارت، تارت، ئىندىگان!» دەپ ۋارقىراشقا تاس قالدى. ئۇ ئىندىگاننىڭ مەھكۇمغا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، سالمىنى قولتۇققا چۇشۇرۇپ تارتمىسا، مەھكۇمنىڭ بوينىدىن بوغۇپ قويىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

«قۇردۇم» دا ئامان قالغان ئادەم، نورا خاتۇن بولۇپ چىقتى. ئۇ ئوبدان ئېسىنى يىغىپ، ئۇسسۇلۇق قېچكەندىن كېيىن، كۆزلىرىنى ئېچىپ، شۇ ھامان يەنە يۇمىۋالدى - دە، تىترەپ، تىلمىقىپ يىغلاپ كەتتى ۋە:

— ماڭمۇ قىلدىڭ، ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، تەيخې، — دېدى كۆز يېشىنى سۈرتۈپ. نېمىگە مېنى قۇتقۇلدۇردۇڭلار؟! مەن سىلەرنى بۇ دۇنياغا تاشلاپ كېتمىشنى، ئېسىمنى يىقىلاندىن بېرى، قانچە كۈن ئويلىندىم. بىلمەمسەن؟! كېچە: ئۆلىدۇرەرنى يۈگۈن - ئەتە كېلىۋز دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇ ياققا ماڭغاندىم... ئىندى ئىندىگان ئېتىمنى تۇتۇپ كەلتۈر، بۇ يەردىن بىراقلا يوقىلىپ كېتەي

— ياق سېنى قويۇپ بەرمەيمەن! سەن يەنە ئاتىنىڭ كۆزىنى باغلاپ قۇردۇمغا چاپتۇرسەن!...

— ياق، ئىندىگان، ئەيدى ئۇنىڭدىن قورقىمەن... — مەن ئۇنى كۆردۇم! ئەندى بولدى: تولا دەرياسى بويىغا... سەن بىلۇرسەن، ئاكچى ئاتامنىڭ ئاۋۇلىغا كېتۇرەمەن!

— تەيخې بىلەن ئىندىگان نورا خاتۇننىڭ ئەمدى ھەقىقەتەنمۇ، تولۇق ئەس - ھوشىغا كەلگەنلىكىنى بايقىدى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، يىكىرىنگ قوشۇلدى. ھېچ بىر ئۇزۇق - تۈلۈكسىز ئىككى كۈنلۈك يولغا ئەۋەتكۈسى كەلمىدى. نورا خاتۇنغا ئىلقىچىلار ئاۋۇلىغا بېرىپ، ئوبدان تويۇنۇۋېلىپ، تەييارلىنىپ، بىرەر كىشى بىلەن مېڭىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ كۆردى. لېكىن نورا خاتۇن ئۇنىڭغا كۆنمىدى:

— ئۇ چاغدا مەن ساڭا ئاۋۇلدىن ئۇزۇق ئېلىپ كېلەي. بولمىسا، ئېتىڭنىڭ كۆزىنى يېشىپ، قويۇۋېتىمەن! — دەپ چۆچۈتتى ئۇنى ئىندىگان. ئۇنىڭ بۇ شەرتى ئورۇنلۇق چىقتى. ئايال ئۇنىڭغا كۆندى ۋە:

— ئېتىمنى تۇتۇپ كەلتۈر، ئىندىگان. سايغا بېرىپ كىيىم تازىلىشىم كېرەكتۇر، — دېدى.

تەيخې بىلەن نورا خاتۇن ئورخۇننىڭ كانالىغا ئوخشاش تارمىقىغا بارغۇچە ۋە ئۇ يەرگە بېرىپ، نورا خاتۇننىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ تازىلىغىچە بىرەر ئېغىز پاراڭ بولغىنى يوق؛ ياش ۋە گۈزەل بۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيادەك بىر - بىرسىگە ئالاھىدە بىر سىناق نەزەر بىلەن ھەسرەتلىك ھالدا قاراپ قويۇشاتتى. گاھ، ئۆزلىرىنى ھەم گۇناھكار، ھەم گۇناھسىز سېزىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق — نورا خاتۇن تامام ئۈمىدسىز ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلگەن، پاراكەندىلىكى بىلەن، تەيخې بولسا، ئۆزىنىڭمۇ، ئۆزگىلەرنىڭمۇ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى ۋە ئۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ بارلىقىنى سېزەتتى. تەيخې ئۆزىدىكى بۇ خىل ئارتۇقچىلىقنى شۇ دەقىقىلەردە ئېسىدىن چىقىرىپ، نورا خاتۇنغا بەرداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ھەتتا ئۇ نورا ئاتلىنىپ، قايتىپ كەلمەس يولغا ماڭغاندا، ئۇنىڭغا باغرىنى ئېچىپ، قۇچاقلاپ سۆيدى - دە:

— مېنى كەچۈر! — دېدى ئۇ نورا خاتۇن ئاتلىنىپ ماڭغاندا بويىنىدىن قۇچاقلاپ، — بۇ دۇنيادا تەڭلىك بولمىسىمۇ تەگرى باردۇر»

تەيخېنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ، تەۋرەنگەن نورا خاتۇن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

— سىلەردۇ مېنى كەچۈرۈڭلار! — دېدى.

تەيخې يول بويى نورا خاتۇننىڭ خوشلىشىش چېغىدا ئېيتقان «سىلەر» دېگەن سۆزىنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى ۋە ئەتىگەنكى غەمكىن ھالغا قايتىدىن دۇچار بولغاندەك مەيۈسلىنىپ قالدى.

IX

ئەتىسى تەيخې پانتۆرىگە نوراخاتۇن بىلەن بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. پانتۆرە ئۇنىڭدىن:

— يىلقىچىنىڭ بالىسىغا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئۇنىڭ سوئالىغا تەستىق جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، تەخمىنەن بايخاننىڭ ئۆلگىنىلىككە جەڭلەننى ئۇتقۇنغا ئېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بايخان كەلتۈرۈلگەن دەللەلەرگە تولۇق ئىشەندىمۇ؟ — دەپ سورىدى تەيخې.

— ئۆزەڭ بىلەن، دەللەلەر كۆپ، ھەم ئېنىقتۇر، بايخاننىڭ ئىشەنمەسكە چارىسى يوق. كېسەنىڭ ئېتى تاشقا يۆتكىلىشى، ئۇنىڭ سويلا بىلەن ئۇرۇلۇپ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. ھوشسىز ياتقان

كېيىنكە ئۇنىڭ ئېچكۈزگەنلىكىمۇ ئېنىقلاندى. ئەمدى ئۇنىڭ جاڭلەننى كۆزدىن نېرى قىلماسلىقتىن ئىلاجى قالمىدى! بۇنىڭغا يەنە بىر ئەڭ كۈچلۈك سەۋەب باردۇر: ئۇزاق بىلمىسەن، كېچە كەلگەن ئايغاقچىلار، ئۇدزەر تېگىننىڭ ئۈچ كۈنلۈك يولدا ئىكەنلىكىنى خەۋەرلىدى. ئەگەر ئۇدزەر تېگىن كەلگەندە، جاڭلەن ئەركىن يۈرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېقىن چىقىشىش سۆزسىز!

— تەڭرى ساقلىسۇن! بۇ قىزنىڭ ئىككى قولباشچى ئۇچراشمىقىنى ياخشى. ئۇدزەر تېگىن بۇ يەردىكى شۇ يامان قىلمىشلارنى ئاڭلىمىغان بولسا، ياخشى ئىدى...

— ئاڭلىماسلىقى قىيىن. — چۈشەندۈردى تۇرە، — ئۇ شەنشىدە ئورۇشۇۋاتقان چېغىمىزدا ئۆزگىدىن ئاڭلىمىسا، ئەمدى نۇرا خاتۇندىن ئاڭلايدۇ. ئۇدزەرگە بۇ خەۋەر كۆپ ئېغىر بولۇر. بىراق ئالدىنئالا ئاڭلىغىنىمۇ ياخشى

تەيغۇ پان تۇردىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان يەنە بىر خەتەرنى سېزىپ، سەسكەندى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى بايقىغان پان تۇرە:

— ئۇدزەر تېگىننىڭ ئەندىشە قىلىش ئورۇنسىزدۇر. ئۇ بارلىق خەۋپكە تەييار كېلۇر، — دېدى.

× × ×

شۇ كۈنى كېچىسى پان تۇرە پات — يېقىندا جاڭلەننىڭ جىنايەتلىرى بويىچە، دېمەكلار تۇۋپى؟ نىڭ يەڭگە ئىنىسىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان مەسىلىلەرنى ئېيتىپ باشلاپ، ئېيتە بىلمەن ئاياغلاشتۇرۇش ھەققىدە ئوي — مۇلاھىزىلىرىنى جەملەپ ئولتۇرغان بىر چاغدا، جاڭلەن ئۆز ئوتاۋىدا ھەل قىلغۇچى سەپەرگە شازىر بولۇپ، بايغان بىلەن سەممىي خەيرلەشمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۆز ئارا تۈزگەن پىلانى بويىچە جاڭلەن ئۆزىگە سادىق ۋە جەڭگە چىۋەر لەشكەرلىرىدىن ئونىنى ئېلىپ، ئۇدزەر تېگىن كېلىۋاتقان يولغا چىقماقچى. چۈنكى بايغان ئۇنىڭغا ئۇدزەر تېگىن قوراللىق ئىككى يۈز ئادىمىنىڭ بىر يۈز تۈمەنىنى ئۇلۇغدەر تېگىننىڭ ئىختىيارىدا قالدۇرۇپ، ئوردىغا پەقەت ئون كىشى بىلەنلا كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇڭلاشقا جاڭلەن كونا سەردار نوياندار-قائىدىسىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي مەشق ۋە جەڭگە ماھىرلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇدزەر ۋە ئۇنىڭ كىشىلىرىگە بىرگە — بىر بولۇپ قارشى چىقىشنىڭ ئابرويلۇق ئىكەنلىكىنى ھېسابلىدى. ھەر ھالدا قالغان يىگىتلەرنى بولسا، چارۋا ماللىرىنى باشقا بايلىقىنى يوشۇرۇن ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن خەيلەنزىلەر جايلاشقان ھىنگان — تيانشان تاغلىرى تەرەپكە يۈرگۈزۈپ كەتتى.

× × ×

جاڭلەن تولا دەرياسىنىڭ بويىدىكى دۇش — ئۇباق دەپ ئاتىلىدىغان ئېدىرغا سەھەرلىكتە يېتىپ كەلدى-دە، ئۇ يەردىكى ئۇۋچىلار ئاۋۇلىدىن خېلى يىراقتا ئاتلىرىنى چالدۇرۇپ ئاندىن ئىلگىرىلىمەك بولدى. ئەمدى ئۇدزەرنى كۈتىدىغان جايمۇ ئانچە يىراق بولماي، كارۋان ئۈچۈن بىر كۈنلۈك، ئالدىرىغان ھەربىي ئادەملەر، چاپارمەنلەر ئۈچۈن ئىككى — ئۈچ سائەتلىك ئىدى. بۇ يەردە قارا قۇرۇم يولىدىن چىقىپ، جۇڭغارىيە تەرەپكىمۇ- خەيلەنزى ئېلى كۈچۈپ يۈرگەن مانجۇرىيە تەرەپكىمۇ كەتكىلى بولاتتى. جاڭلەن ئۇدزەر بىلەن ئەنە شۇ يەردە ئۇچرىشىپ، ئۇزۇل — كېسەل زەربە بەرمەكچى.

جاڭلەن ھەرخىل تورسۇقلاردىن قويۇلغان قىمىزلار بىلەن، سوۋۇتۇلغان قېزا — قارتىلارنى قويۇق ماي ئارىلاشقان كۈچلۈك تائاملارنى يەپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپىدا ئولتۇرغان لەشكەرلىرىگە تەيغۇ، نۇرا خاتۇن توغرۇلۇق بېشەم كەپلەر قىلىپ كۈلدۈردى. بىر چاغدا ئۇھىم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك:

— باتۇر يىگىتلىرىم! — دېدى، — ئاۋۇ ئېدىرنىڭ نېرىقى ئېتىكىدە ئۇدزەرنىڭ قىيناتمىسى دولان چال تۇرىدۇ. مەن ئۇ قاقۋاشنى ئۇستا ئوۋچى، بەرگەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. يېقىندا، ئۇ «چاپسام كەلسە، جاڭلەننى ئۆلتۈرۈر ئىدىم!» — دەپتۇ. ئازىز يىگىتلار بېرىپ، شۇ دولان چالغا ئېيتىپ قويۇڭلار: ئەتە ئاشۇ ئاچا يولدىن كۈيئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىۋالسۇن!

× × ×

جاڭلەننىڭ چاپارمەنى ئۇۋچىلار ئاۋۇلىغا كەلگەندە، نۇرا خاتۇننىڭ ئاتىسى، دولان چال بىتاپ بولۇپ ياتقانىدى، چالنىڭ قېرىغان كەمپىرى ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ، باش — كۆزىنى سىلاپ ئولتۇراتتى. ئاۋۇلدىكى ئەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، دەريا بويىدا قامار قۇندۇز ئوۋلاش بىلەن بەنت بولغاچقا، جاڭلەننىڭ چاپارمەنىنى نۇرا خاتۇن قارشى ئالدى: ئۇ ئىككى — ئۈچ كۈن بولسىمۇ، مېھرىبان ئانىسىنىڭ كۈتۈۋىدە ئوبدانلا سەگىپ، يۈز — كۆزىگە قان يۈگۈرۈپ، ئىلگىرىكى ئەكسىچە ئېچىلىپ قالغان. ئۆيدىكى ئەھۋالدىن، بولۇپمۇ قېرى ئۇۋچىنىڭ

ئېغىر ھالـدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان چاپارمەن نوراخاتۇنغا پەقەت «يـۈرۈشكە چىققان جـاكلەيننىڭ دولان چالغا «قۇتسالام» ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتماقچى بولدى. لېكىن نوراخاتۇننىڭ ئىنتايىن تەشۋىشلىنىپ، ئات تىزگىنىگە ئېسىلىپ، يالۋۇرۇپ سوراشلىرىدىن، كەلگەن چاپارمەنلەر بۇ ئاۋۇلغا كېلىشتىكى ئوچۇق مەقسەتلىرىنى ئېيتىۋەتتى. جاكلەيننىڭ چاپارمىنى كېتىشى بىلەن نوراخاتۇن ھەش - پەش دېگۈچە جابدۇنۇپ، يولغا چىقماق بولـدى. ئەمما ئۇنىڭ ئانىسى ئالدىغا توغرا يېتىۋېلىپ، نەگە، نېمە ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، قىزىنى ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قالدى.

نوراخاتۇن قاراقۇرۇمدىن ئاچا يولغا قاراپ ماڭغان جاكلەن تۇيىنى يىراقتىن يادىاپ ئۆتۈپ، ئـۇدزەرنىڭ ئالدىدىن چىقىشقا، ئۇنى تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئالدىرايتتى، شـۇڭا تەجرىبىلـىك ئايال: «ئات ئىلدام چاپقىنى بىلەن بىر كۈنلۈك يولغىلا چىدايدۇ. ئۇنىڭدىن ئـاز ئاتانغا مىنەي» دېگـەن قارارغا كەلدى - دە، ئۆي ئەتراپىدا ماڭغايىشىپ تۇرغان تۆگىلەر ئارىسىدىن ئاق ئاتاننى چـۆكـتۈرۈپ مىندى.

ئاق ئاتان بۇ ئـايماقتا «ئـاق ئېتىر!» دەپ داڭقى چىققان جانىۋار ئىدى. ئاق ئېتىر بىرەر زۆرۈر-يەتنى سەزگەندەك، قىزىغانسېرى، شۇنداق ئىلدام قەدەم تاشلىدىكى، يەر بېغىرلاپ قانات قاققان ئاق قـوشنى ئەسلىتەتتى، نوراخاتۇن بولسا، بىردەم دېۋەيتىپ بىردەم بويىنىنى سىلىكىپ قوياتتى،

چـۈش مەزگىلى بولغاندا جاكلەن تۇيىدىن ئۆزۈپ كەتكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن نوراخاتۇن، ئاق ئېتىرنىڭ بويىنىنى قارا قۇرۇم تەرەپكە تارتتى؛ تۆگە قۇم - تاشلىق، تۈزلەڭدىن داغدام يولغا چىقىـپ، مىڭىشىنى تېخىمۇ چاپسانلاتتى

...كۈندۈزكى شادال تۇزۇتقان توپا - چاڭ تۈتەكلىرى دە ئانچە بايقالمىغان، ئەمدى تامام پېتىش ئـالدىدا، قازاندىكى سۈت ياكى بالقىپ ئېرىغان قوغۇشۇندەك ئالاھىدە ئاق كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپى بولسا، توز قۇشـنىڭ يېيىلغان قانات قۇيرۇقىدەك ھەر خىل رەڭدىكى تاۋار - دۇردۇنلارغا ئوخشايتتى. كۈن بويى ياۋداق تۆگە ئۈستىدە چايقىلىپ كېلىۋاتقان نوراخاتۇن يول بويى بىر نەچچە ئاۋۇللار بىلەن مال قاشالىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتـتى، كۆل - بۇلاقلارنى كۆرۈپ، قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تامشىدى... ئۇنىڭ بىر دەقىقە توختاشقا تاقىتى يوق، ئاق ئېتىرى دېۋىنىپ كېتىۋەردى... نۆۋەتتىكى ئېدىر - قىردىن ئېشىپ، تـۆۋىنىگە ئېڭىشقان چاغدا نوراخـاتۇن ئالدىدا كۆرۈنگەن ئويمانلىقتىكى سەراپ خۇددى سۇغا تولۇپ كەتكەن دېڭىزغا ئوخشاش كۆرۈندى. ئۇنىڭ كـۆزلىرى غۇۋالاشتى... ئۇنى ئاز دېگەندەك قورسىقى مۇجۇپ، ئۈچەيلىرى ئالمىشىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا ئـۆزىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

نوراخاتۇن «تۆگە ئۈستى تۆشۈكۈم بولارمۇ ئەمدى؟! كۆرمىگىنىم شۇ ئىدى! ...» دېگەندەك دەھشەتلىـك ئـويلارنـى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن بار كۈچىنى يىغىپ ئاق ئېتىرنىڭ ئۆركىشىگە ئېسىلغان ھالدا يولىنى داۋام قىلدى.

× × ×

ئۇدزەر ئېگىن ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆز توپى بىلەن دەل ئاشۇ سەراپ كۆرۈنگەن، ھازىر بولـسا تامام قاراڭغۇلۇق باسقان ئويپاتلىقتا كېلىپ توختىغانىـدى. ئـون نەچچە كۈندىن بۇيانقى يول ئازابىدا ئۇلار-نىڭ ئۆزلىرىمۇ. ئات - ئۇلىغىمۇ ھارغان، يولۇچىلارنىڭ ئادەتتە، سەپەر ۋاقتىدا ئەۋج ئالىدىغان ئىشتىھالىرى تۇتۇلۇپ، كۈندىن - كۈنگە تېز ھارىدىغان، ئۈگىدەپ ماڭىدىغان ھالەتكە يەتكەن. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، توختىغان جايىدا ياخشى ئۇخلىتىپ كېلىۋاتقان نەرسە تولۇملار بىلەن ئـارغا ئـارتىلغان جـۈگگو ھارىقى ئىدى. بۈگۈن ئۇلار يانتاق - تېزەكلەرنى يىغىپ، گۈلخان ئوتىدا غىزالىرىنى پىشۇرغاچ، جۈگگو ھارىـقىدىن بىر - بىر چۆچەكتىن ئىچىپ ئۇخلاپ قېلىشقان. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ياتقى يولدىن خېلى نېرى بولغانلىقـتىن، نـوراخاتۇننىڭ كۆيگەن ئوتىنىمۇ، ئىسىنىمۇ بايقىماي ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قۇلـقىغا مۇڭلۇق نەينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. جىمجىت ۋە سۈرلۈك دالانى ئەللەيلىگەندەك چىقىۋاتقـان بـۇ ئـاۋاز نوراخاتۇننىڭ قىينىلىۋاتقان جېنىغىمۇ بىر ھازا ئارام بېغىشلىغاندەك بولدى. ئاق ئېتىر بىر قۇلىقىنى دىڭدىر-لىتىپ، بېشىنى شۇ سېھىرلىك ئاۋاز تەرەپكە بۇرىدى - دە، توپ - توغرا گۈلخان ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر-نىڭ قېشىدا، نەي چېلىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىدا توختىدى.

بۇلۇتتەك ئاق تـۆگىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىغان گۆزەتچى نەينى ئاغزىدىن ئېلىپ؛

— يول بولسۇن، يالغۇز يولۇچى، — دېدى.

— تۈگمىنى چۈكەر، مەن سىلەرنى ئىزدەپ كەلدىم... — دېدى نوراخاتۇن ئىڭرىغاندەك.

قاتتىق ئۇيقۇدا بولسىمۇ، تونۇش ئاۋاز قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن ئۇدزەر ئېگەن، بىر دەقىقە «ئۇخلاۋاتىمەنمۇ - چۈشۈمەمۇ؟» دەپ ياتتى-دە، ئاندىن ئەينى ئەھۋالنى بايقاپ دەس تۇردى ۋە ئىككى سەكرەپ، چۈككەن تۈگمىنىڭ يېنىغا باردى.

— ئۇدزەر!... — دەپ ئۆكسىگەندەك، تۈگمىدىن سىيرىلىپ يەرگە يىقىلدى ئايال.

ئۇدزەر ئېگەن ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، مۈزلىرىنى سىلاپ:

— نېمە بولدى؟! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟! — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن. ئاندىن ھاڭقىتىپ تۇرۇپ قالغان كۆزەتچىگە بۇيرۇدى: — قاپىتىكى ياغاچ ئۇتتۇننى ياق... — يورۇت!

نوراخاتۇن ئوتنىڭ يورۇقىدا سۇ ئىچىپ، بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇدزەر!... — دەپ ئۈن سالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بولغان ۋەقەنى قىسقا - قىسقا سۆزلەر بىلەن ئۇقتۇرۇپ، ئاخىرىدا:

— مېنى كەچۈر، ئۇدزەر!... مەن زور گۇناھلىق!... دېدى.

ھەم جىسمانىي، ھەم روھىي جەھەتتىن تامامەن ئۈزۈلۈپ تۈگىگەن ئايالنىڭ سەكراتى ئۇزاققا سوزۇلماي، ئۇ بىر نەچچە دەقىقە نەپەسى بوغۇلغان ھالدا خىرىلداپ ياتتى... ئاندىن ھالسىز بىر سىلكىنىپ، ئۇھ تارتقاندەك چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، قىمىلىنىپ - يىقىلىپ تۇرغان ئاياغ - قوللىرى لاسسىدە قويۇۋەتتى. ئاخىرىچە ھەممىسى ئويغىنىپ، لېكىن لام - جىم دېمەي، ئايالنىڭ بېشىنى تۇتقان ئۇدزەر ئېگەننىڭ ئېترى ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارا قورۇمدا ئۇدزەرسىز يۈز بەرگەن غەيرىي، نازۇك ئەھۋالدىن يول بويى خەۋەردار بولغان. پەقەت بۇ ئۆلتۈكۈنچى پانىيدا ھەممە ۋاخ يۈز بەرگىنىدەك، نومۇسىغا ئۇنتۇلغۇسىز داغ چۈشەرگەن شۇ بىر ئېغىر ئەھۋالنى ئېگەن ھەممىدىن كېيىن بىلگەنىدى. جالەنىڭ قەبىھ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن، پەقەت ئۇ ئىككىسىنىڭ تەيخىگە بولار رىقابىتىنىلا نامايان قىلغان ئۇ.

نورانى قانداق ئېلىپ بارىمىز؟! — دەپ سورىدى ئۇ يارانلىرىنىڭ چوڭىدىن،

— يۈك ئارتىلغان تۈگىلەردىن ئىككى چومىنى بوشىتىپ، ئاق تېرىنى توقارمىز، ئېگەن. نوراخاتۇن ئەركىن يېتىپ بارۇر.

× × ×

ئون نەپەر يولۇچى - تاڭ سەھەردە، نوراخاتۇننىڭ جەسىتى ئارتىلغان ئاق تېرىنى يېتىلىگەن ھالدا، يولغا چىقتى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاڭگەندىن ئالغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرى - پولات ساۋۇتلىرىنى كىيىشكەن.

چاشكا مەزگىلىدە، ئاچا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتار تىزىلىپ تۇرغان جالەنىڭ لەشكەرلىرى كۆرۈندى. تا شۇكىچە مۈرەككەپ ئوي، يامان تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئىلكىدە كېلىۋاتقان ئۇدزەر ئېگەن، يەرگە چۈشتى-دە، يېتەكتە كېلىۋاتقان جەڭگىۋار ئاق بوز ئېتىغا مىندى ۋە نەيزىسىنىڭ دەستىسىنى ئېگىپ كۆرۈپ، ئالماس بىسلىق قېلىچىنى سوغۇرۇپ، قايتىدىن قىنىغا سالدى... ئاندىن بىر ئاز يەرگىچە ئاستا ماڭدى-دە، توختاپ، چوڭ نۆكىرىگە:

— سەن جالەنگە بارغىن. ئۇنىڭغا ئېيتىپ: مەن ئۇ ئىككىمىزدىن ئۆزگە كىشىنىڭ قېنى تۆكۈلمىسۇن دەيمەن. بۇ تالاش ئەلگە ئەمەس، ئىككىمىزگىلا تەگىشلىكتۇر. ئۇنىڭدا ئەرلىك نومۇس بولسا يەككەمۇ - يەككە ئات قويسۇن! - دېدى.

مەزكۇر يارانىنىڭ تەنھا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جالەن تەرەپتىنمۇ بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى: ئۇلار ئۇچرىشىپ بىر پەس سۆزلەشتى-دە، ئاتلىرىنى ئىلدام چاپتۇرۇپ، كەينىگە قايتىشتى.

جالەنمۇ خۇددى سەن ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ ئېگەن، - دېدى ئۇدزەرنىڭ نۆكىرى.

— يارايسەن، تېنىگەن خەيلەنزى! — دېدى ئۇدزەر ئېگەن ۋە ئاق بوز ئاتنىڭ ساغرىسىغا قامچا ئۇردى. جالەنمۇ خۇددى شۇنداق قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى شوخىغان قىرانلاردەك تېز يېقىنلىشىپ كەلمەكتە، ھەر ئىككىسى ئىگەر قېشىغا توغرىسىغا قويۇپ، بىر قولىدا تۇتۇۋالغان نەيزىلىرىنىڭ دەستىلىرىنى بىر مەزگىلدە قولتۇقلىرىغا قىسىپ، ئالغا ئۇزارتتى بۇ چاغدا ئاتلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى-دە، يەردىن توپا-چاڭ كۆككۆتۈرۈلدى!... چاڭ - توتەك تارىغاندىن كېيىن، جالەنىڭ ئىگىسىز ئۇركۈپ يۈرگەن قارا ئايغىرى بىلەن ۋە يول چېتىگە ئۇچۇپ چۈشكەن رەقىبى تەرەپكە ئاق بوز ئېتىنى ئايلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇدزەر ئېگەن ئاشكارا كۆرۈندى: ئۇ ئىككى تەرەپتىن بىردەك ئىلگىرى چاپقان نۆكەرلەر نەيزىلىرىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، ئۇدزەر

تېگىمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى، ئۇدزەر تېگىن تېخى قانچا بويالغان نەيزىسىنى بىر نۆكەرگە تاشلاپ بېرىپ، چاقلەننىڭ يىگىتلىرىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— نېمە ئۈچۈن بىزگە قارشى يۈرۈش قىلدىڭلار؟!

ئۇزاق سۈكۇناتتىن كېيىن، بىر يىگىت:

— چاقلەن ئۆز ئېلىغا كەتمەكچى... بىز ئۇنى ئۇزىتىپ كېلىۋېدۇق، تېگىن، — دېدى.

— ياخشى... ياخشى بولغان! شۇنداق بولۇشقا تېگىش ئىدى، يولۇڭلار بولسۇن! ئۆزەڭلەرمۇ يول ئايرىقتا كېلىپ قاپسىلەر... بىراق قولباشچىڭلارنىڭ قولىنى ئوڭ دولىسىدىن ئاجرىتىپ قويدۇم، — خەيلەنزى ئەۋىپلىرى چاپسلاپ بېرەر، يولۇڭلار بولسۇن! — دېدى ئۇدزەر تېگىن.

X

قوش تۇبادىكى دولان چال ئاۋۇلىغا ئۇرغۇن ئادەم يىغىلغانىدى، ئۇدزەر تېگىنلەر كەلگەچكە، چاقلەننىڭ ئىززەمۇ دۇنيادىن ئۆتكەن. ئۇلەر ئالدىدا ئاق تېتىرنى مىنىپ «نامەلۇم» تەرەپكە كەتكەن ئۆز قىزى ئېغىر كېسەلدىن ئۇزۇل - كېسىل ساقايمىغان ئىكەن. چوڭقۇر ئۆكۈنۈپتۇ. مانا ئەمدى شۇ دولان چال سۆيۈملۈك يالغۇزى بىلەن بىر تۇپراقتا دەپنە قىلىنمىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. دەپنە مۇراسىمىغا ئەتراپتىكى ئاۋۇللارنىڭ ئوۋچى - چارۋىچىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى خان بايغاننىڭ ئۆزى نۆكەرلىرى بىلەن يان تۆرە، ساتېگىن، نايمانلار باشلىقى شۇڭقار ئاتا ۋە كۆپلىگەن ئەسكەر باشلىقلىرى ئىشتىراك قىلدى (خان ۋە باشقا ئۇلۇغلار چاقلەن كېتىپ، ئۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇتماقچى بولغان ئىكەن!؟)

يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان تەيخى، يولغا چىقمىش - چىقماسلىق توغرۇلۇق كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياش ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى ئىدىگان بىلەن «تەۋەككۇل» دەپ ئاتلانغانىدى. ئۇلارمۇ كېچە - كېچە چىققىنىغا قارىماي ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشتى.

تەيخى دەپنە مۇراسىمى داۋامىدا ئۆزىنى خان قىزىغا لايىق چوڭ سۈپەت بىلەن تۇتۇشقا تىرىشتى. ھەتتا ئۇدزەر تېگىن بىلەن تازىم قىلىپلا كۆرۈشكەن بولدى. ئۇنىڭ قەلبى بولسا دەپنە مۇراسىمىنىڭ چاپسانراق تۈگىشىنى، ئۇدزەرنىڭ بىرەر دەقىقە بولسىمۇ تەنھا قېلىشىنى خالايتتى. ئەپسۇسكى كەچ كىرگىچە ئۇنداق پۇرسەت بولمىدى. بىرىنچىدىن، دەپنە مۇراسىمى ئىنتايىن ئۇزاققا سوزۇلدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلۇغلار بىر توپ بولۇپ كەلگەن ياققۇزدى - دە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سېھىر - ئايەتلەرنى تىنماي ئوقۇۋاتقان موتاخلارنىڭ قېشىدا بولدى. ئارزۇ قىلغان پۇرسەت تۈن يېرىمىدىن ئۆتۈپ، ئوردىغا ئاتلانغاندىنمۇ، ئۇدزەر تېگىن بىلەن قاتار ماڭغاندىمۇ كەلگىنى يوق. ئۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: ئۇدزەر تېگىن قانۇنىي ئايالى دەپنە قىلىنغان كۈنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمەكچى ئەمەس؛ ئۇ چاغلاردا ئەرلەر ئۈچۈن ماتەم تۇتۇش قائىدىسى بولمىغىنىغا قارىماي، ئۇ بىرىنچى كۈننى ئۆز دەردى بىلەن تەنھا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغانىدى.

قارا قۇرۇم سېپىلىغا يەتكەندە، خاننى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئوردىغا، يەنە بىر قىسمى سېپىل ئىچىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. شۇ چاغدا تەيخى ئېتىنىڭ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە تارتقان ئۇدزەر تېگىن بىلەن قاتارلاشتى - دە، ئۇنىڭچىقماي كېتىۋەردى. ئۇدزەرمۇ ئۈنچىقمىدى. بۇنى كۆرۈپ، تېگىرقاپ توختىغان بايغان نېمە قىلىشىنى بىلمەي، يېنىدىكى يان تۆرە بىلەن ساتېگىنگە:

— مانا كۆردۈڭلارمۇ بۇ نومۇسسىزلىق! — دېدى - دە، ئېتىنى دېۋىتىپ، ئىلگىرىلەپ كەتتى. يان تۆرە بىلەن ساتېگىن مىيىقىدا ھەيرانلىق كۈلۈپ، تاڭ خاقاننىڭ سوۋغىلىرى ئارتىلغان تۆگىلەر بىلەن ئوردا تەرەپكە ماڭدى.

× × ×

ھەقىقىي سۆيگۈ ئىپادىسى ئۈچۈن كۆپ سۆزنىڭ كېرىكى يوق. كۆزنىڭ نۇرى ئۆي چاقىرىقىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكىچە ئۆزلىرىنىمۇ ئۆزگىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ، بەھرى ئارامىغا بېرىلگەن ئۇدزەر تېگىن بىلەن تەيخى يەنە ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېقىلغان كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىنىشكە باشلىدى.

سىرتتا ئۇدزەر تېگىن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاساسىي ئۈچ قەبىلىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇنىڭ چوڭ سەپەردىن ئامان - ئېسەن قايتقانلىقى ئۈچۈن كېلىشكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېگىننى تۈنۈگۈنكى دەپنە مۇراسىمىدا كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردە كۆڭۈل ئېيتقان ئىش بىلەن چەكلەنگەنىدى. مانا ئەمدى ئۆز باشچىسىنىڭ قۇتلۇق سەپىرىگە خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ھەمدە يېڭىلىقلارنى چۈشەنمەكچى بولدى. لېكىن ئۇدزەر ئۆزىنىڭ مازىرقى ھالىتىدە ئۇلارغا

بىردىنلا نېمە دېيىشنى بىلمىگىن؟! ئەل ئىچىدىكى ھۆرمەتلىك، كۆڭلى يېقىن كىشىلەر بىلەن ئاتالىشىپ، خۇش- لارنىڭ ئەل - يۇرتى ھەققىدە سوراش داۋامىدا، ھەممىسى بىلەن ئالاھىدە باش قوشۇۋدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرغاندا ئۇلارنىڭ قېشىغا تۇرپانلىق ئۆلۈما تۇردالىم بىلەن ئەمدىگان كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشتى. چاكىنەدىن ئېلىپ كەل- گەن پولات خەنجىرىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغىنىغا خۇرسەن بولغان. ئۆدزەر تېگىن يېنىدا تۇرغان تەيخېدىن شۇ سوۋغىلارنى ئېلىپ، چىقىشنى ئۆتۈندى. بۇ ئەھۋالغا خۇرسەن بولغان تەيخې سولون سوۋغا بىلەن تەبرىكلىمەكچى بولۇپ، ياش دوستى ئەمدىگانىنى باشلاپ ئاق ئوتاۋغا ماڭدى.

— كېچە بۇ بالىغا دىگەندەك قارىماي، ئۇنى بەك رەنجىتىپ قويۇپتىمەن. مەن ئۇنى كۆكتاتلىقتىن كېلىۋې- تىپ، دەريا بويىدا ئۇچراتتىم ... — دېدى قېرى ئالىم. ئۆدزەر تېگىن بىلەن ئاتالىشىپ بولۇپ، سەيرادا سەۋە- شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتايىن مەغرۇر باش قولباشچى ئۆدزەر تېگىندە يەنە مۇساپىر چالنى ئۇچ - تۆرت ئايلار ئىلگىرى تىبەتلىكلەرنىڭ تۇتقۇنلىقىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ قويۇۋىدىم، ئەمدى ماڭا نەسىھەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى قارا، دېگەن ئوي پەيدا بولدى-دە، چالغا چەكچىيىپ قارىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھەققىي ئۆلۈمالارغا ئوخشاش قەتئىيلىكىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، سۆز قىلمىدى. ئۆدزەر تېگىننىڭ بۇ ئويلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ئالىم، تەيخې بىلەن ئەمدى- گاننى ئەگىشىپ ماڭغانىدى. قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ بىرى توختىتىۋالدى:

— چال، سېنى كۆپ بىلىۋر كىشى دەر. بىر ئاز توختا: ئۆدزەر تېگىنگە ئېيتار سۆزۈڭگە قۇلاق سال، ئورۇن- سىز، بولسا، ئەقىل ئېيت، دېدى-دە، يېنىدىكى ھەمراھىغا قارىدى. ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ قىسقىلا سۆزلىدى:

— بىلگە كۈچلۈك تېگىن، ئۆدزەر — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ: — بايخان ساڭا ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئوغۇسى تارخاننىڭ ئورنىغا بېرىشنى بۇيرۇماق. سېنىڭ ئورنىڭغا سا تېگىننى باش قولباشچى تەيىنلەش ئويى بارىدىش. ئەگەر ساڭا شۇنداق بۇيرۇق بولسا نېمە دەيسەن؟

تېگىن بۇ گەپلەردىن تامام خەۋەرسىز بولغاچقا، جىددىي ئويلىنىپ بىر ئاز جىم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن مىيىقىدا مەنىلىك كۈلدى-دە:

— خاننىڭ بۇيرۇقى بىردۇر، نېمە دەيمەن، بېرىپ كۆرۈۋېرىمىز. ئاقساقاللار، — دەپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن سورا- دى، سىلەر ئۆزۈڭلەر نېمە ئېيتۇرسىلەر؟

— بىز بارلىق ئەل بۇ بۇيرۇققا قارشى!

— ئۇ چاغدا مەن شۇنى بايخانغا ئېيتىپ كۆرۈۋېرەن. خوش، تۇردالىم ئاتا، بۇ ھەقتە سىز نېمە ئېيتۇرسىز؟

— مەن ... مەن، بالىلار ... — قېرى ئالىم قىيىنىلىپ چۈشەندۈردى: — پەقەت ئۆدزەر تېگىن بىلەن تاڭ سارىيىنىڭ قىزى تەيخېنىلا ياخشى بىلىۋرەن ... مېنىڭچە بۇ مەسىلىدە پەقەت يان تۆرە ۋە تەيخې بىلەن مەس- لىھەتلىشىش لازىمدۇر. بۇ سۆز كۆپچىلىككە، شۇ جۈملىدىن، ئۆيدىن چىققان تەيخېگىمۇ ياقتى.

شۇ مەزگىلدە ئۆدزەر تېگىننى ئوردىغا چاقىرغان خان چاپارمەنلىرىمۇ يېتىپ كېلىشتى.

× × ×

ئوردىغا كىرگەن ئۆدزەر تېگىننى بايخان ئىنتايىن ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالدى. خانلارغا لايىق سالاپەت بىلەن، بارچە تۇتۇقلار — سېنىتىرلار تارخان ۋە تېگىنلەر ئالدىدا، تاڭ خاقانى يوللىغان قىممەت باھالىق سوۋغا تۆھپىلەرنى — ئۆدزەر تېگىن سەپىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقى دەپ چوڭقۇر رىزالىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن چاڭ ئەن ساتقىنىغا باغلىق يۈز بەرگەن كىچىك ئەھۋاللارغا بىر ئاز توختاپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆدزەرنىڭ ياردىمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى تەكىتلىدى-دە، دۆلەت رەھبەرلىكىدە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر توغرۇلۇق توختىلىپ، باش بېي يان تۆرىنى ئۆزىنىڭ ئەقىلدار — مەسلىھەتچىسى، باش قوماندان ئۆدزەر تېگىننى رەھبىرىي ئەمەلدار بويىچە ئوردۇباسارى قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

— چاكىنەن خاقانى كەيچەنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن يولىغا قارشى خاقاس ئېلىدە ئۆزىنى - ئۆزى خانە دەپ يۈرگەن ئاچۇنويانغا قانداق چارە قىلۇرمىز؟! ماڭا بۇ قەغەزدە تاڭ خاقانى، بىزگە ئاچۇ بىلەن بىر- بولۇپ، تىبەتكە قارشى يۈرۈش قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. — بايخان نەيگە ئوخشاش ئورالغان قەغەزنى كۆر- سىتىپ كېيىنكى داۋام قىلدى: خاقاس قىرغىزلىرى ھەر يىلدا بېرىدىغان يىلقا، قادار قوندۇز تېرىسىنى توختاتتى. ئاچۇنويان بولسا، تىبەتكە قارشى يۈرۈش قىلىشقا بولماس! ... بىز قارا قۇرۇم، ئورخون ئېلىنىڭ يۈز يىللىق تويىغا قارشى! ... ؟ — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقتىن كېيىن:

— ئاچونويان بىلەن يۈزلىشىپ، كېلىشىمگە كېلىش كېرەك! — دېدى يان تۆرە، بايخان چىچىلغان ھالدا بېيىمنىڭ ئۆزىگە سوئال قويدى:

— شۇ كېلىشىمگە، تۆرە سەن، ئۆزۈڭ يۈرۈمسەن؟!

— ماڭا بولماس، كۈچلۈك خان...

— نېمىشكە ساڭا بولماس؟! يان تۆرە چۈشەندۈردى:

— ئۇنىڭغا سەۋەب: مېنىڭ ئۇ دۈمۈمدا تاۋغاچ قېنى بار. بۇنىڭ ئۈدۈمىدا تىبەت قېنى بار. ئاچونويان ياخشى بىلۇر. شۇڭلاشقا، ئۇ مېنى «توۋغاچقا تارتىسەن» دەپ، مەن ئۇنى «تىبەتكە تارتىسەن» دەپ تالىشىپ قالۇرمىز،

— سەن بىر چاغدا يارچىمىزنىڭ ئاتا تېگى تۈركتۇر دېگەن ئەمەسمۇ؟

— توغرا سۆزدۇر! — سۆزگە قوشۇلۇپ، ئۇزەتمەك بولدى ئۇدزەر تېگىن!— بىراق، بۇ توغرا سۆزنى ئاچونويانغا، خاننىڭ ئۆزى ئېيتسا ياخشى بولۇر...

— مەن ئاچونويان بىلەن قاتتىق ئاراز. ئۇ كەلمەس، مەن بارماسمەن!

— ئەل ئۈچۈن ياخشى بولۇپ بېتىم قىلىش كېرەكتۇر. بولمىسا، ئەللەر ئارىسى يامان بولۇر، خان...سەن خاقاس ئېلىنى باستۇرغاندا، قولباشچى ئىدىڭ. ئاچونويان... ئەمدى ئىككى كۈچلۈك خان بولدۇڭلار. شۇڭلاشقا ئىككى ئەلنىڭ بىر ياخشى يولىنى ئىزدەش كېرەك.

يان تۆرىنىڭ بۇ ئەقىلىيانە سۆزلىرىگە بايخان يەنە چىچىلىپ كەتتى:

— تۆرە، سەن ئاچونى «خان» دەپ تونۇمسەن؟ دەپ تەرىنىپ بەرگەندەك داۋام قىلدى بايخان: — ئۇنى كىم، قايسى ئۇرۇقلار خان قىلىپ سايلىدى؟ قارلۇقلار شۇنداق بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز — كۆلى پەيلو مويونچۇردەك كۈچلۈك بىلگە خانلار قانداق قارىغان؟! بايىر قول، باسمىل، كەنجەكلەرگە قوشۇلۇپ كەرىپ باستۇرغان ئەمەسمىدى.

— راست، راست، بىلگە كۈچلۈك خان، — دېدى بايخاننىڭ ئاچچىقىنى بېسىشقا تىرىشقاندەك، تۆرە ئاندىن ئۆز مولاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: — بىراق ئۇلارنىڭ ئۇرۇش — چېپىشلىرىدىن پايدا ئاز بولدى، بىلمەسەن كۈن چىقىشتا، بىز بىلەن، چىگىل، قارغۇ، توخسى، ئايمان قالدى. كۈن پېتىشتا — باشقۇرت، ئەمەن، بولغار، سۇۋارلار بۆلۈنۈپ، خاقاس — قىرغىزلارغا يېقىنلاشتى... سەن ئەمدى كەڭ ئويلىنىپ كۆرگىن، كۈچلۈك خان. بولمىسا ئەللىرىمىز يەنە بۆلۈنۈپ كېتۇر.

شۇ چاغدا ئاچونى «خان» دەپ قۇتلۇق ئېيتىپ بارارمىز.

— «بىر بولۇش» بۇ ياخشى سۆز. ئۇنىڭغا خاقاسنى، قېرى ئاچونى كىم كۆندۈرەر؟ سا تېگىن ياشتۇر. ئايماقلار ئاقساقالى شۇڭقار ئاتا كۆپنى كۆرگەن كىشى. ئۇ خاقاسلار بىلەنمۇ يامان ئەمەس. شۇ كىشى بارسا قانداق؟ — دېدى بايخان.

— شۇڭقار ئاتا چوڭ بىلگە كىشى دۇرۇس، — دېدى سا تېگىن تۇيۇقسىز ئىلھامى كەلگەندەك تەۋرىنىپ، — بىراق، قېرى نويان، ئۇدزەر ئاغىنى ياخشى كۆرۈر...

— ئۇدزەر تېگىننىڭ ئاتىسى بىلەن ئاچو نويان يۈرۈشلەردە كۆپ بولغان — دەپ ئۇدزەرگە قارىدى بايخان ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ پىكرىنى سورىدى!

— بۇيرۇساڭ — بارۇرمەن! — دېدى ئۇدزەر.

— ياق بۇيرۇمايمەن! سەن چاپارچاپ كەلدىڭ، شۇڭقار ئاتا بارسۇن. — بايخان ئېنىق قارارغا كەلدى.

دېرەككەپ مەسلىھەتنىڭ يەكۈنىدىن رازى بولغان ئەمەلدارلار، خانۋە ئۇدزەر تېگىن بىلەن خۇشچىراي خەيرلىشىپ تارقاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بايخان بىلەن ئۇدزەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان تەنھا سۆھبەت تەيخېنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. يان تۆرە بولسا، ھەتتا خاقان كەيچەننىڭ تەيخېگە بېۋاسىتە ئاتا بولماي، بەلكى كىچىك دادا ئىكەنلىكىنىمۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ مەسلىھەت، تەكلىپلەر بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا خاقان كەيچەن تەرىپىدىن ۋە تەيخېنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن بايخانغا يېزىلغان خەتنىڭ بارلىقىمۇ مەلۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يان تۆرە بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇق ئۇدزەر بىلەن سۆزلىشىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كۈندىكى ئىككىنچى ئۇچرىشىش ئۇدزەر تېگىننىڭ ئۆيىدە بولدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ھىممىتى بولمىغان كىش، ھۆرمىتى بولمىغان كىش

ئالتۇن دەۋر ئالدىمىزدا

تۇرسۇن روسۇل يازغان

گۈللەنگەن ۋەتەن

بىلىم ئوقۇتۇش

سوئال لىكىسى ھەرقانداق بەشنىڭ ئاچقۇچى

كۆپ كۆرگەن ياكى كۆپ ئاڭلىغان كىشى

ئىچى لەشتۇر خام قاپاقنىڭ،
تېشى پارقىراپ تۇرغان بىلەن.
مېغىزى زەپ شېرىن ياڭاقنىڭ،
تېشى قوتۇر بولغان بىلەن.

بىكارچىلىق خاتالىقنىڭ ئانىسى

يۈز گۈزەللىكى ئۆتكۈنچى، قول گۈزەللىكى كۈن

《天尔塔格》文学双月刊

1988年第二期

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：78897
印　刷：乌鲁木齐市第十四中学印刷厂
国内统一刊号ＣＮ65—1012／Ｉ
邮局代号58—83

零售价：0.70元

تەڭرىتاغ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

(1988 - يىل 2 - سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 78897
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1012／I
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—83

پارچە باھاسى: 70 پۇڭ